يېڭى ژىلىڭلار مۇبارەك، ئەزىز دوستلار!

2003
ژىل
يانۋار
№1
(4159)

يېڭى ھايات

Йеңи һаят

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي – سىياسىي گېزىت. 1970 – ژىلى 1 – يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ

بەخت – سائادەت ئېلىپ كەلسۇن

مانا 2002 – ژىل تارىختىن ئورۇن ئېلىپ، يېڭى 2003 – ژىل كەلدى. 2002 – ژىل قازاقستان جۇمھۇرىيىتى ئۈچۈن چوڭ ئۇتۇقلار ژىلى بولدى. جۇمھۇرىيەت ئىقتىسادى يۇكسەلدى، خەلىق ئارا مەيداندا قازاقستان بازار ئىقتىسادى جارىي قىلىنىغان دۆلەت سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىندى. ئەندى مۇسۇلمانچە ژىل ھېساۋى بويىچە ھازىر 1423 – ژىل. بىز كېلەچەككە نەزەر تاشلايدىكەنمىز، ئەلۋەتتە يېڭى 2003 – ژىل خەلقىمىزگە خاتىرجەملىك، بەخت – سائادەت ئېلىپ كېلىدىغانلىغىغا ئۈمۈت قىلىمىز. قارىمۇ – قارشىلىقلارغا تولۇپ تاشقان ھازىرقى دۇنيادا بىزنىڭ خەلقىمىزگە بىرلىك – ئىنتىپاقلىق ھاۋا بىلەن سۇدەك كېرەك. جاپاكەش خەلقىمىزنىڭ مۇئاممالىرى خەلىق ئارا مەيدانغا چىقىپ دۇنيا خەلقلىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلماقتا. تەرەققىيپەرۋەر كۈچلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش ھەققانىي ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشىنى ھىمايە قىلىش تەرەپدارى بولماقتا. 2002 – ژىلى 31 – ئوكتەبىر، 1 – 2 – نويابىر كۈنلىرى دېموكراتىيە يېڭىدىن بىخ ئۇرۇشقا باشلىغان ئالبانىيەدە، ئۇنىڭ پايتەختى تىرانا شەھرىدە بولۇپ ئۆتكەن خەلىق ئارا ترانس رادىكال پارتىيەسىنىڭ 38 – قۇرۇلتىيى پىكرىمىزنىڭ يارقىن دەلىلىدۇر. مەزكۇر پارتىيەنىڭ نىزامنامىسىدا ئاۋال ياۋروپىدا، ئاندىن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا ھەقىقىي دېموكراتىيە قەدرىياتلىرىنى جارىي قىلىش كۆزدە تۇتۇلغان. ئەينە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەزكۇر قۇرۇلتايدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەن داۋاسى كوتۇرۇلگەنلىگى، «شەرقىي تۈركىستان – ئۇيغۇرستان مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ» رەئىسى ئەنۋەرجان جانابلىرىنىڭ خەلىق ئارا ترانس رادىكال پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە قۇرۇلتايدا دوكلاد بىلەن سوزگە چىقىپ قىزىل خىتاي ھوكۇمران دائىرىلىرىنىڭ «غەربىي رايوننى گۈللەندۈرۈش» باھانىسى ئاستىدا ئۇيغۇرلار دىيارىدا قىلىۋاتقان باشباشتاقلىق بۇلاڭ – تالاڭلىرى، «خەلىق ئارا تېررورىزمغا قارشى كۈرەش» دېگەن چۈمپەردە ئاستىدا خەلقىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرىنىڭ ژۇرىگىنى موجۇپ، جازالاش، سىياسىي تەقىپلەش ئىشلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتقانلىغى توغرىلىق بىلدۇردى ۋە دۇنيا جامائەتچىلىگىنىڭ خىتاي ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنىڭ مۇنداق زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىگە بىپەرۋا بولمايدىغانلىغىنى تەكىتلىدى.

گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھرىدە «شەرقىي تۈركىستان – ئۇيغۇرستان مىللىي قۇرۇلتىيى» بىلەن دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى بىرلىگىنى بىر تەشكىلاتقا بىرلەشتۇرۇپ خەلىق ئارا مەيداندا بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىش مەخسىتىدە ژىغىن ئوتكۇزۇلۇپ، ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى ئەركىن ئالپتېكىن جانابلىرىنىڭ يولباشچىلىغىدا مەزكۇر تەشكىلاتلارنى بىرلەشتۇرۇش تەييارلىق ھەيئىتى قۇرۇلغانلىغى ھەر بىرىمىزنى خوشال قىلدى. 2003 – ژىلى بىزگە خاتىرجەملىك، بەخت – سائادەت، ئوملۇك – ئىنتىپاقلىق ئېلىپ كەلسۇن!

... يېڭى ژىل ئالدىدىكى كەچتە بەزىلەر موجۇزە يۇز بېرىدىغانلىغىغا ئىشىنىدۇ. موجۇزىلەر پەقەت ئادەملەرنىڭ چۇشلىرىدىلا بولىدۇ، خالاس. بايراملارمۇ ئوتۇپ، يەنە كۈندىلىك ھايات ئىشلىرى ئوز قىنىغا چۇشىدۇ. ھەر بىر خەلقىنىڭ تەغدىرىنى شۇ خەلقنىڭ ئوزىلا ھەل قىلىشى كېرەك.

شەخسىي ھاياتىڭلاردا ئۇتۇق تىلەيمىز

«كومكون – 2 – يېۋرائازىيا» تەتقىقات شىركىتى ئالمۇتا ئاھالىسى ئارىسىدا ئۇلارنىڭ يېڭى ژىلدىن نېمە كۈتىدىغانلىغىغا باغلىق سوتسىولوگىيەلىك پىكىر سوراش ئوتكەزدى. ئاساسىي جەھەتتىن ئالمۇتىلىقلار سالامەتلىگىنىڭ ياخشىلىنىشىغا، مالىيە جەھەتتىن قىينىچىلىق بولماسلىغىغا، بەختلىك بولۇشقا، تۇرۇشلۇق ئوي مەسىلىلىرىنىڭ ھەل قىلىنىشىغا، ئىش ئورنىدا پايدىلىق تەكلىپلەرنىڭ بولۇشىغا، مەنسۇۋىدە ئوسۇشكە ئۈمۈت قىلىدۇ.

لېكىن ئالمۇتىلىقلارنىڭ بەزىلىرى مۇنچىلىك ئوپتىمىستىك كەيپىياتتا ئەمەس. شەخسىي ھاياتىدا ئوزگىرىش بولىدىغانلىغىنى كۈتىۋاتقان 74,5 پائىز شەھەرلىكنىڭ 8,3 پائىزى مۇنداق ئوزگىرىش ناچار تەرەپكە بولىدۇ دەپ ھېساپلايدۇ. پىكىر سورالغانلارنىڭ 16,8 پائىزى 2003 – ژىلى مەملىكەت ھاياتىدا ياخشىلىق تەرەپكە تۇپ ئاساسىدىن ئوزگىرىشلەر بولىدىغانلىغىنى خەۋەر قىلدى. ئاساسىي جەھەتتىن ئۇلار بۇنى پېنسىيەلەرنىڭ، مائاشنىڭ ئوسۇشى، دولەتتە تۇراقلىقنى قولغا كەلتۇرۇش بىلەن باغلاشتۇرماقتا. ئالمۇتىلىقلارنىڭ 7، 3 پائىزى تىچلىق توغرىلىق ئارمان قىلىدۇ. ئەندى پىكىر سورالغانلارنىڭ 79,2 پائىزى يېڭى ژىل ئۇلارنىڭ سەخسىي ھاياتىنى ئوزگەرتىدىغانلىغىغا ئۈمۈت قىلىدۇ.

قازاقستان تۇدېي
ئەخبارات ئاگېنتلىغى

مەرھەمەت خالىس ئىقتىسادىي ياردەم قولىنى سۇنغۇچىلارغا بىزنىڭ ھېساپ چوتىمىز:

р/с 406467897 ТОО "Висал"
РНН600400099802
МФО 190501719,
код 719 АГФ ОАО Банк
"Центр Кредит"

ئابلىز ھېزىم

يېڭى ژىللىق تىلەك

(«يېڭى ھايات» گېزىتىگە بېغىشلايمەن)

ژىللار ئوتتى،
ژىللار ئوتتى، بىلسەن.
سەن ئۇيغۇرنىڭ تازا – پاكىز دىلسەن.
ئوسسىغاندا قېرىنداشتەك چاي بەرگەن،
غەمغۇرچىمىز، ياخشىلارنىڭ خىلىسەن.

مىنبەرلەردە سوزىمىزنى قىلدىڭسەن،
(يات نىيەتنىڭ كوكرىگىنى تىلدىڭسەن).
كۆتكەن مەخسەت – ئارزۇيۇمنى قوللىدىڭ،
... پىكرىمىزنى قۇلىغىڭغا ئىلدىڭسەن.

راست، بىر مەزگىل «ئايرالماي» ئوز، غەيرىنى،
(«زامان» ساڭا تورگەنلىكتىن تەرىنى...)
بولمىسىمۇ كامچىلىقسىز ئادەملەر،
«ئاپپاق» دېدىڭ كوممۇنىستنىڭ بەرىنى.

«ئاپپاق» دېدىڭ لېنىننىڭ ئىش – يولىنى،
(ئەمگەكچىنىڭ باسسىمۇ «ژۇك» غولىنى).
تەمتىرەپلا كەتتۇق بىزمۇ،
كىشىدەك –
ئاڭقىرالماي قالغان ئوڭ ۋە سولىنى...

شۇ چاغدىمۇ،
بولدۇڭ مېنىڭ مۇدايىم،
«ئايرىمىسۇن، – دېدىم، سەندىن خۇدايىم!»
يېڭى ياققان قاردەك ژۇققان پۇتۇمغا،
ژۇقىنىدا ژۇرۇگۇمگە، مۇڭ – ۋايىم.

سەن لەۋزىمىز كوڭۇلدىكى، بىلسەن،
سەن ئادىلسەن، ئادالەتنىڭ خىلىسەن.
قاچان بولسۇن تەييار تۇرغان
ئۇيغۇرنىڭ –
قىلنى قىرىق يارىدىغان تىلىسەن.

قىلالمىغان ياۋمۇ كار،
ھەسرەت بىلەن.
يېڭى ژىلدا يېڭىلانسۇن بەتلىرىڭ،
چاي ئالمىسۇن سەھىپەڭدىن ژىغا – زار!!!

مۇكاپات مۇبارەك

قازاقستان جۇمھۇرىيىتى پرېزىدېنتىنىڭ 2002 – ژىلى 12 – دېكابىردىكى پەرمانىغا بىنائەن دولەت ئالدىكى خىزمىتى، مەملىكەتنىڭ ئىجتىمائىي – ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تەرەققىياتىغا قوشقان چوڭ ھەسسى ئۈچۈن بىر توپ قازاقستانلىقلار مەملىكەتنىڭ دولەت مۇكاپاتلىرى بىلەن مۇكاپاتلاندى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خەلقىمىزنىڭ تۇۋەندىكى ۋەكىللىرى بار:

«قۇرمېت» ئوردېنى بىلەن
ياللۇنجان ئەخمەت ئوغلى شەمىيېۋ – جۇمھۇرىيەتلىك دولەت ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ باش رېژىسسيورى؛

«ئېرېن ئېڭبېكى ئۇشىن» مېدالى بىلەن
يولداش ئابدۇقادىر ئوغلى ئازاماتوۋ – جۇمھۇرىيەتلىك «ئۇيغۇر ئاۋازى» ئىجتىمائىي – سىياسىي گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى؛
ماخمۇت مەرۇپ ئوغلى دەرايېۋ – جۇمھۇرىيەتلىك دولەت ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ ئاكتيورى.

قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بايراملىرى

1 - 2 - يانۋار - يېڭى ژىل
8 - مارت - خەلىق ئارا ئاياللار كۈنى
22 - مارت - نورۇز بايرىمى
1 - ماي - قازاقستان خەلىقلىرىنىڭ بىرلىكى كۈنى
30 - ئاۋغۇست - قازاقستان جۇمھۇرىيىتى كونىستىتۇتسىيەسى كۈنى
25 - ئوكتەبر - جۇمھۇرىيەت كۈنى
16 - دېكابر مۇستەقىللىق كۈنى.

قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەسپىي بايراملىرى ۋە خاتىرە كۈنلىرى

7 - ماي - ۋەتەن ھىمايىچىسى كۈنى
31 - ماي - سىياسىي تەقىپلەرنىڭ قۇرۋانلىرىنى خاتىرىلەش كۈنى
28 - ئىيۇن - مەتبۇئات كۈنى
13 - ئاۋغۇست - سپورت كۈنى
1 - سېنتەبر - بىلىم كۈنى
22 - سېنتەبر - قازاقستان جۇمھۇرىيىتى خەلىقلىرىنىڭ تىللىرى كۈنى
15 - نويابر - مىللىي ۋاليۇتا - تەڭگە كۈنى.

يېڭى ژىللىق ئارچا ئەتراپىدىكى تەنتەنە

ژىل ھېساۋى 12 ژىللىق مۇچەل دەۋرى

ئون ئىككى ژىللىق مۇچەل دەۋرىگە كىرىدىغان ھەر بىر قۇياش ژىلى، ئۇ ياكى بۇ ھايۋان نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.

ژىل ھېساپلاشنىڭ ئون ئىككى ژىللىق مۇچەل دەۋرى

ژىل نوۋىتى	ژىل نامى	ژىللارغا ماس كېلىشى								
1	چاشقان ژىلى	1990	1912	1924	1936	1948	1960	1972	1984	1996
2	ئۇي ژىلى	1901	1913	1925	1937	1949	1961	1973	1985	1997
3	بارس ژىلى	1902	1914	1926	1938	1950	1962	1974	1986	1998
4	توشقان ژىلى	1903	1915	1927	1939	1951	1963	1975	1987	1999
5	بېلىق ژىلى	1904	1916	1928	1940	1952	1964	1976	1988	2000
6	ئىلان ژىلى	1905	1917	1929	1941	1953	1965	1977	1989	2001
7	ئات ژىلى	1906	1918	1930	1942	1954	1966	1978	1990	2002
8	قوي ژىلى	1907	1919	1931	1943	1955	1967	1979	1991	2003
9	مايمۇن ژىلى	1908	1920	1932	1944	1956	1968	1980	1992	2004
10	توخۇ ژىلى	1909	1921	1933	1945	1957	1969	1981	1993	2005
11	ئىشت ژىلى	1910	1922	1934	1946	1958	1970	1982	1994	2006
12	توڭغۇز ژىلى	1911	1923	1935	1947	1959	1971	1983	1995	2007

ئادەمنىڭ يېشى قانچە ئىكەنلىكىنى ھېساپلاش ئۈچۈن، ئۇ تۇغۇلغان ۋە ئەمەلدىكى ژىلىنىڭ نامىنى بىلىش كېرەك. ئەگەر ئۇ كىشى توڭغۇز ژىلى تۇغۇلغان بولسا، ئەندى ھازىر قوي ژىلى بولسا، ئۇ چاغدا بۇ كىشى 8، 20، 32، 44... ۋە ھاكازا ياشتا بولىدۇ، چۈنكى توڭغۇز ژىلىدىن قوي ژىلىغىچە ئارىلىغى 8 ژىل.

(ئەمىر نەجىپنىڭ «ئۇيغۇرچە - رۇسچە لۇغەت»ىدىن ئېلىندى. «سوۋېتسكايا ئېنسىكلوپېدىيا» نەشرىياتى. موسكۋا، 1968).

ئالمۇتا شەھىرىنىڭ تەۋەسى كېڭەيتىلدى

جۇمھۇرىيەت پرېزىدېنتى نۇرسۇلتان نازاربايېۋنىڭ پەرمانى بىلەن ئالمۇتا شەھىرىنىڭ تەۋەسى ئون پانىزدىن ئوشۇق كېڭەيتىلدى.جۇملىدىن، شەھەرنىڭ ئۆزگەرتىلگەن چېگارىسىغا كىرگۈزۈلگەن 3723 گېكتار يەر جۇمھۇرىيەت جەنۇبىي پايتەختى ئۈچۈن ستراتېگىيەلىك مۇھىم بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

- شەھەر دائىرىسى ۋىلايەتنىڭ قاراساي ۋە تالغىر ناھىيەلىرىنىڭ يەرلىرى ھېساۋىغا كېڭەيتىلدى، - دەيدۇ ئالمۇتا شەھەرلىك ھاكىمىيىتىنىڭ مېمارچىلىق دېپارتامېنتىنىڭ مۇدىرى سۇلتان بايماغامبېتوۋ. - ئەندى باغاناشىل ۋە بوستاندىق ناھىيەسىدىكى ئىككى باغ جۇمھۇرىيەت جەنۇبىي پايتەختىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى، كوك تويە تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكى، دېنروپاركنىڭ ۋە كولىق كلۇبىنىڭ تەۋەلىرى بىزگە ئوتۈپ كەتتى... بۇنىڭ ھەممىسى - شەھەرنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. مەسىلەن، نەق ئەينە شۇ ئاجرىتىلغان يەرلەردە ئىلگىرى پىلانلانغان چوڭ ئايلانما يول قۇرۇلۇشى ئىشلىرى تۈرىدۇ. ئەڭ مۇھىمى - ئەندى شەھەرگە تەئەللۇق بولغان بۇ يەردە نادىر تاغ - چاڭغۇ كۇرورتىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلىنىدۇ. بۇ چوڭ مىقياسلىق ۋە مۇھىم لايىھەدۇر...

كودا ئەخبارات ئاگېنتلىغى

● يېقىنقى تارىخىمىزدىن ئۈچۈر

مىللىي ئارمىيە باش شتابىدىكى زىيارەت

1946 - ژىلى 6 - ئايدا گومىنداڭ ھوكۈمىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋىي ھوكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى، تۈشۈمچە ھەربىي ئىشلار توغرىسىدىكى ئالتە ماددىلىق شەرتنامە ئىمزالاندى. بۇ ھەقتىكى توختۇرۇش مىللىي ئارمىيە باش شتابىغا يېتىپ كەلدى. بىتىم روھى بويىچە كېنېرال ئىسھاقبېك تولكلىك ئاتالغۇنى ساقلاش شەرتى بىلەن شتابىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا ۋە مىللىي ئارمىيەنىڭ باش قوماندانلىقىغا، كېنېرال - مايور دەلىلقان يولكۇۋنىك زۇنۇن تېيىپلار مىللىي ئارمىيەنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانلىقىغا يولكۇۋنىك ھەقۇرۇش مىللىي ئارمىيەنىڭ سىياسىي رەھبىرىلىكىگە، كېنېرال - مايور ماۋلۇد مىللىي ئارمىيە باش شتابىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. «مىللىي ئازاتلىق ئارمىيە»، «مىللىي ئىنقىلاۋىي ئارمىيە» دېگەن ناملار قىسقارتىلىپ «مىللىي ئارمىيە»گە ئۆزگەرتىلدى. مىللىي ئارمىيە ئەمەس ئالتە پولك 12 مىڭ كىشىلىك چەكلىگۈچ قوشۇنغا ئىخچاملاندى. ئۆزگىرىپ تۈپكى ئىسىملىنىشلىنىدىن كېيىن، باش قوماندانلىق شتاب غۇلجا شەھىرىدىكى يوقۇرقى پورتتىن ھازىرقى ئالىيىرودروم بىناسىغا كۆچۈپ چىقتى.

7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ماۋا ئۇچۇق ئىدى. شتاب باشلىقى كېنېرال ماۋلۇد بارلىق ئوفىتسېرلارنى زالغا ژىغىپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھوكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ مىللىي ئارمىيە باش شتابىغا كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. قۇرۇلۇش بولۇم باشلىقى كاپىتان شېكىس يېچەتلىگەن ئىككى ياغاچ ساندۇقنى كوتۇرۇپ كىرىپ، شتاب باشلىقلىرىنىڭ ئالدىغا قويدى. ساندۇقلارغا قوماندانلىق ئارمىيەسىنىڭ پوگون، كاكاردىلىرى قاچىلانغانىدى. ئۇنى ئورنىمىزنىڭ پوگون ۋە ئاي يۇلتۇزلۇق كاكارلىرىمىزغا ئۇلۇشۇپ، بىللە تاقايدىغانلىقىمىز ئۇقتۇرۇلدى. بۇ ئىشتىن ئوفىتسېرلارنىڭ ھەممىسى تاسادىپىيلىق ھېس قىلدى. بەزىلەر بۇ ئىشنى ھاقارەت دەپ بىلىپ، ئەلەمكە چىدىماي كوز يېشى قىلىشتى. بەزىلىرىمىزنىڭ مىللىي ئازاتلىق غورۇرىمىز ۋە قەھرىمانلىق جاسارىتىمىزنى ئىلھام بەرگەن ئوز پوگون كاكارلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالىلارمىز؟ دېگەن ئەندىشە ئۇلارنىڭ ژۈرەكلىرىنى مۇجۇۋاتاتتى.

شۇ ئارىدا شتاب باشلىقى ئىشخانىسىدىن چىقىپ: «سېپكە تىزىلىپ، مەيدانغا چىقىڭلار! مۇئاۋىن رەئىس باش شتابىمىزغا قاراپ يولغا چىقتى» دەپ بۇيرۇق بەردى.

ھاياجان ئىلكىدە بىر ھازا كۈتۈشلەردىن كېيىن «ماكسىم گوركى» ناملىق بىر پىكاپ ئالدىمىزغا كېلىپ توختىدى. مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمىي پولكوۋنىك قەييۇمبېك بىلەن پىكاپتىن چۈشتى. ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، شتاب باشلىقىنىڭ دوكلادىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «سالام ھورمەتلىك ئوفىتسېرلار! ياخشى تۇرۇپسىلەر. سىلەرگە بەخت ۋە سالامەتلىك تىلەيمەن!» دېدى.

خۇشاللىغىمىز پەلەككە ئورلەپ، ئالقىش ياڭراتتۇق.

مۇئاۋىن رەئىس بىللە ئېلىپ كەلگەن ئاپپاراتچى بىزنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە رەسىمگە تارتتى. شۇ چاغدا ئارىمىزدىن ياسىنوۋ ئابلىمىت: «ھورمەتلىك ئەپەندى! بىز نېمە ئۈچۈن گومىنداڭنىڭ بۇ نەرسىلىرىنى تاقايمىز؟» دەپ سورىدى. يەنە بىرەيلەن: «شۇنداق قىلىپ ئۆزىمىزنىڭ پوگون - كاكارىمىز كۈچتىن قالامدۇ؟ دەپ قوشۇمچە قىلدى.

ئەپەندى تەمكىنلىك بىلەن قولىنى ئۇزۇلاپ تۇرۇپ: «سورىغان سوئالىڭلار ئورۇنلۇق. بىز رەقىبىمىزنى فاكت بىلەن تۇتۇشنى بىلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغىنىمىزدىلا، مىللىي ئارمىيەمىزگە كېتىدىغان بارلىق راسخوتنىڭ يېرىمىنى جاڭ ئەپەندى بىلەن داڭ بىگىڭلاردىن ئالالايمىز، پات ئارىدا جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى ئىلىغا كەلمەكچى. جەڭگىۋارلىغىڭلارنى ياخشى ساقلاڭلار. مېھمانلار ئالدىدا ئەدەپ - قائىدىلىك بولۇڭلار. ئوزەڭلارنى سالماق تۇتۇڭلار. غېنى باتۇرغىمۇ كەيسپ بولۇپ، ئوق چىقىرىپ قويماسلىقنى تاپىلايمەن» دېدى.

ئوفىتسېرلار مەسلىنىڭ تېگى - تەكتىگە يەتكەندىن كېيىن، ئەپەندىگە ئالقىش ياڭراتتى. ئەخمەتجان ئەپەندى باش شتاب ئورگانلىرىنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋاللىرىنى كوزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ، قىزغىن چاۋاك سادالىرى ئىچىدە ژۈرۈپ كەتتى.

بىز كەچقۇرۇن ئىشتىن چۈشۈپ، پىيادە ئويلىرىمىزگە كېتىۋاتقىنىمىزدا، كوچىدىكى مىغ - مىغ ئادەم بىزنىڭ تەقى - تۇرقىمىزغا قاراپ غەزەپ بىلەن ھومىيىپ، ئالـيىسپ قاراشتى. بەزىلەر ئاغزىغا كەلگىنىچە قاغاپ، تىللاشتى:

«سىلەر ئاخىرى گومىنداڭغا تەسلىم بولغان ئوخشىماسىلەر؟ «11 ماددىلىق بىتىم» دېگىنىڭلار بىكار كەپ. قاراپ تۇرۇڭلاركى، دۈشمەن ئۇنداق بىتىم - پۈتىم دېگىنىڭلارنىڭ قانچىسىنى ژىرتىپ تاشلاپ ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلىدۇ».

«ھەي! جياڭ جېيشىنىڭ فۇكەنلىرى! دېمىڭلار ئىچىڭلارغا چۈشۈپ كەتتىمۇ! بىزنىڭ ئىنقىلاپ يولىدا توككەن قانلىرىمىز نەگە كەتتى؟!».

كىشىلەر شۇ قەدەر غەزەپلەنگەنىدىكى، سەللا باھانە تېپىلسا،بىزنى چەيلەپ - دەسسىۋېتىشتىن يانماتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئوفىتسېرلىرىمىزنىڭ بېشىدىكى گومىنداڭنىڭ كاكارى قادالغان شەپكىسىنى ئېلىپ يەرگە ئېتىپ، ياقىسىدىكى ئۇنۋانلىرىنى سوكۇۋەتتى.

ئاخىرى بېرىپ، گومىنداڭنىڭ بەلگىلىرىنى بىزمۇ ئىش ئورنىمىزدىلا تاقاپ، ئاشكارا سورۇنلاردا تاقىمايدىغان بولدۇق.

1946 - ژىلى 8 - ئاي، غۇلجا شەھرى گۈزەل ياز لىباسىغا پۈركەنگەن، ھەممە يەرنى باياشاتلىق قاپلىغان ئەلۋەكچىلىك كۈنلەر ئىدى. خەلق ئەركىنلىك، ئازاتلىق ۋە دېموكراتىيەدىن بەھرى ئېلىپ، بەھۇزۇر ياشاۋاتاتتى. بالىلار كوچىدىن ئىنقىلاۋى ناخشىلارنى ياڭرىتىپ ئوتەتتى. توغرا كورۇك، ساي بويى، ختاي بازىرى، سۇ دەرۋازا بازارلىرىدا ئىش - ئوقەت قايناتتى. كوچىلار تازلىنىپ، ئويلەر قاردەك ئاقارتىلغانىدى.

مۇشۇنداق كۈنلەردە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھوكۈمەتنىڭ رەئىسى جاڭ جىجۇڭ ۋەكىللەر ئومىكىنى باشلاپ، ئايروپلان بىلەن غۇلجىغا يېتىپ كەلدى. ئومەك تەركىۋىدە باش كاتىپ لىيۇ مىڭچۈن، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى ۋاڭ زېڭشىيەن،مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى لۇ يۈۋېن، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىغى چۈي ۋۇ، كېنېرال داڭ بىگاڭ، پولكوۋنىك زالىچىن قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلارنى مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمىي قاتارلىق رەھبەرلەر ئايرودرومغا چىقىپ، ئەدەپ بىلەن كۈتۈۋالدى.

ئۇلارنى قارشى ئېلىش ژىغىنىغا ئالدىن تەييارلىق قىلىپ قويۇلغانىدى. باش شتاب كارنىزونى، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدىن تەشكىللەنگەن مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى ژىغىن مەيدانىنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتاتتى. ئۇ چاغدا مەن يېڭىلا مىللىي ئارمىيە سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى بولغاندىم. شۇڭا، چوڭ ژىغىن ۋە باشقا سورۇنلاردىكى پائالىيەتلەردىن خاتىرە قالدۇرۇش مېنىڭ ۋەزىپەم ئىدى. باش شتاب ئوفىتسېرلىرى قوش پوگونلۇق، قوش كاكارلىق بولۇپ، چىرايلىق كىيىنىپ، ۋاڭ قادىر بېگىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا يېتىپ باردۇق.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئوندا ئەخمەتجان ئەپەندى، زۇنۇن تېيىپ، ھېكىمبەگ خوجا، ئابدۇرۇۋ مەخسۇم، ئىمىنجان مەخسۇم، مۇھەممەتجان مەخسۇم قاتارلىقلار مېھمانلارنى باشلاپ ژىغىن مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. ھەربىي ئوركېستر قارشى ئېلىش كۈيىنى ئورۇنلىدى. باغ ۋادىكىنىڭ سىرتىدا بىر نەچچە مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى ۋە ھەر مىللەت شەھەر پۇخرالىرى توپلانغانىدى. ژىغىن سەھنىسى بىر قانچە يۈز ئەرباپ بىلەن تولغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە جاڭ جىجۇڭ باشلاپ كەلگەن ۋەكىللەردىن باشقا، غۇلجىدىكى ھوكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە يۇرت موتىۋەرلىرى بار ئىدى. يەنە بىر قانچە كۈن بۇرۇن يېتىپ كەلگەن مەسئۇت سابىرىمۇ سەھنىدە ئولتۇراتتى. كېنېرال داڭ بىگاڭ بولسا، كېكەش قىزىل ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىدەك پۈرزۇر كىينگەن شتاب ئوفىتسېرلىرىغا كوز ئۈزمەي قاراپ، مىيىغىدا ئىستېھزالىق بىلەن ھىجىيىپ ئولتۇراتتى.

ئەخمەتجان ئەپەندى ژىغىن ئېچىلغانلىغىنى جاكالاپ، رەئىس جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنى سوزگە تەكلىپ قىلدى. جاڭ جىجۇڭ باشتا خېلە ئورۇنلۇق گەپ قىلغاندەك قىلدى، لېكىن ئۇنىڭ ئاخىرىدا قىلغان «ھەممىدىن مۇھىمى تىنچلىق، ئۆزىمىزنى بېسىۋېلىش، سەۋىرلىك بولۇش، دولەتنىڭ ئىلتىپاتىغا تايىنىش...» دېگەن سوزلىرى جامائەتنىڭ غەزىۋىنى قوزغاپ قويدى. مەيداننى سۈرلۈك كەيپىيات قاپلىدى.

شۇ ئەسنادا داڭ بىگاڭ، ۋاڭ زېڭشيەن، چۈي ۋۇ قاتارلىقلار ئورنىدىن قوپۇپ، جامائەتنى جاڭ جىجۇڭغا چاۋاك چېلىشقا ئۈندىدى. ئامما، ئومەكتىكى بىر نەچچەيلەندىن باشقا ھېچ كىم چاۋاك چالمىدى.

جاڭ جىجۇڭنىڭ سوزى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ئاب-

(ئاخىرى 5 - بەتتە).

ش ئۇ ئار دىكى ئارخېئولوگىيە ۋە تارىخ تەتقىقاتىغا سالماقلىق ھەسسە قوشقان ئابدۇقېيىم خوجا 1941 — ژىلى غۇلجا شەھرىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1956 — ژىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتەرگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان «ئارخېئولوگىيە خادىملىرىنى تەييارلاش كۇرسىنى» پۈتەرگەندىن كېيىن ش ئۇ ئار ئارخېئولوگىيە ئۆترىتىدە ئىشلىدى.

ئۇ قېتىرقىنىپ ئىشلەش جەريانىدا بىلىمىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش مەخسىتىدە ئىشتىن سىرىت ئارخېئولوگىيەگە دائىر بىلىملەرنى ھەم خىتاي تىلىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەندى. ئەندى 1972 — ژىلى بولسا ش ئۇ ئار پارتىيە مەكتىۋىدە ئېچىلغان «تەرجىمانلار يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا» ئوقۇپ خىتاي تىل — يېزىغى ئاساسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۇردى. ئاندىن 1976 — ژىلى بېيجىڭدىكى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىدا ئېچىلغان قەدىمىي تۈركىي تىللارنى ئۆگىنىش سىنىپىدا ئوقۇدى. ئاندىن ئۇ 1977 — 1980 — ژىللىرى ئاتاقلىق تۈركشۇناس ئالىم گېڭ شىمىن، مەشھۇر تىلشۇناس پروفېسسور خەمىت تومۇر، پروفېسسور خوجنىۋا قاتارلىق ئالىملارنىڭ يېتەكچىلىكىدە قەدىمىي تۈرك (ئورخون) يېزىقى، قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقى، چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى، تىلشۇناسلىق بىلىملىرى، تۈرك تارىخى، ئوتتۇرا ئاسىيە تارىخى بۇددا، ئىسلام دىنى مەدەنىيەت تارىخى قاتارلىقلارنى، شۇنداقلا قەدىمىي خىتاي ۋە ئىنگلىز تىللىرىنى ئۆگەندى. ئا. خوجا 1980 — ژىلى ئوقۇشىنى تاماملاپ ش ئۇ ئار تارىخى مۇزېيىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ كېيىنكى ژىللار داۋامىدا مۇزېيدا ئىشلەپ ئۇيغۇرستاننىڭ تارىخىغا ئائىت كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى ياراتتى. تۇۋەندە ئۇنىڭ 1992 — ژىلغىچە بولغان پائالىيىتى توغرىلىق تونۇشتۇرۇلدىغان ماتېرىيال بېرىلىۋاتقانلىقتىن، ئۇنىڭ 1992 — ژىلدىن بۇيانقى ئىش پائالىيىتى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز. ئابدۇقېيىم خوجا 1992 — ژىلى دېكابىردىن 1993 — ژىلى فېۋرالغىچە 2 قېتىم «شىنجاڭ كىروران مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كورگەزمىسىنى» باشلاپ ياپونىيەنىڭ فوكوكا (فوكاك) شەھەرلىك گۈزەل سەنئەت سارىيىدا كورگەزمە قىلىپ، «كىروران گۈزىلىنى» مەركەز قىلغان ھالدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى دۇنياغا تونۇشتۇردى. ئۇ 1988 — ژىلى «كاندىدات تەتقىقاتچى» دېگەن ئىلمىي ئۇنۋانغا ساۋاۋەر بولغان بولسا، 1994 — ژىلى ئۇنىڭغا «ئالىي تەتقىقاتچى» ئىلمىي ئۇنۋانى بېرىلدى. ئۇ ھازىر «جۇڭگو ئارخېئولوگىيە ئىلمىي جەمىيتى»، جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ قەدىمىي يېزىقلىرى تەتقىقات جەمىيتى»، «جۇڭگو دۇڭخۇاڭ، تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمىيتى»، «جۇڭگو غەربىي ئاسىيە ئىلمىي تەتقىقات جەمىيتى»نىڭ ھەيئەت ئەزاسى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ۋە «شىنجاڭ تەزكىرىسى» قاتارلىق ژۇرناللارنىڭ تەھرىر ھەيئىتى ئەزاسىدۇر. ئۇ ئۇزۇن ژىللاردىن بېرى دالا ئارخېئولوگىيەسىدە ئۆزى توپلىغان ماتېرىياللىرى ئاساسىدا «قەدىمىي دىيار ۋە قەدىمىي مەدەنىيەت» ناملىق ئىككى يۈز مىڭ خەتلىك كىتاۋى نەشر قىلىندى. ئۇ يەنە «سەددى ئىسكەندەرى»، «دىۋانى ئابىد ۋە غەرىبىي شېئىرلىرى»نى قايتىدىن نەشرگە تەييارلىدى. ئۇ ھازىر ئىسرائىل يۈسۈپ بىلەن بىرلىكتە «يۈسۈپ — زىلەيخا»، «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» دېگەن ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش ئۈستىدە جىددىي ئىشلىمەكتە.

ئابدۇكېرىم سابىتى،
ئارخېئولوگ.

ئۆچمەس ئىزلار

(كاندىدات تەتقىقاتچى ئابدۇقېيىم خوجا توغرىسىدا)

1959 — ژىلى، مارالبېشى ناھىيەسىدىكى «بارچۇق قەلئەسى» خارابىسى («توققۇز ساراي كونىشەھرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كېرىيە ۋە نىيە ناھىيەسى تەۋەسىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقىغا كومۇلۇپ قالغان «ئۇيلۇك» خارابىسى (تارىختىكى ئەسلى نامى مەلۇم ئەمەس) ۋە «قەدىمكى نىيە» خارابىسىدا بىر توپ كىشى كاھ يەرنى قازسا، كاھ يەنە كۆزەتتى، تۈرۈپ يەرلەرنى ئۆلچەتتى. يەنە قازاتتى... ئەتىيازنىڭ بورانلىرى، يازنىڭ تومۇز ئىسسىقى، كەچ كۈزنىڭ ئاچچىق سوغىقىمۇ ئۇلار ئۆزىنى دالدىغا ئالالاي دېمەتتى.

بۇلار كىم؟ بۇلار جېلىل ھوشۇر، لى يۈچۈن، ئابدۇكېرىم سابىت، ئابدۇرېھىم ھوشۇرى، مۇھەممەت ھاجى، ئەخمەت رشىت، ئابدۇقېيىم خوجا، مجىت قاسىم، ئىسمائىل جېلىل قاتارلىق ش ئۇ ئار نىڭ تونجى ئەۋلات ئارخېئولوگلىرىدىن تەركىب تاپقان شىنجاڭ مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئۆترىتىنىڭ 11 ئەزاسى. دالىدىكى ژىگنە بىلەن قۇدۇق قازغاندەك بۇنداق قېدىرىشتىن ئۇلارنىڭ چىرايلىرى قارىداپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەندى. ئۇلار مىلادىدىن ئىلگىركى 1 — ئەسىردىن تارتىپ قاراخانىيلار دەۋرىگىچە بولغان دەۋرلەرگە ئائىت بىر نەچچە مىڭ دانە خىلمۇ — خىل قىممەتلىك يادىكارلىقلارنى تاپقاندا، چىرايلىرىدا خوشاللىق ۋە ئىپتىخارلىق جىلۋىلەندى. ئۇلار «نىيە خارابىسى» ئەتراپىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن يوغان ياغاچ ساندۇقتا بىللە دەپنە قىلىنغان ئەر — ئايالنىڭ جەسىتىنى تاپقاندا، تارتقان جاپالىرى شۇ ھامان ئۇنتۇلۇپ، ھاياجاندىن پۈتۈن ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىپ باشلىرى كۆككە يەتتى. ساندۇق ئىچىدە مەزمۇت ياسالغان ئوقيا، ئوقدان، زىننەت بۇيۇملىرى، ئۇيا — تەگلىك خالتىسى، ساپال قاچا ۋە باشقا قىممەتلىك يادىكارلىقلاردىن باشقا، بۇزۇلماي ئوز پېتى قوزۇپ قالغان بىر ئەر، بىر ئايالنىڭ جەسىتى بار ئىدى. ئۇلارغا مىلادى 2 — ئەسىر (شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرى)دە توقۇلغان ئېسىل رەڭدار تاۋار — دۇردۇن، شايى، كىمخاپ قاتارلىق ئېسىل توقۇلمىلاردىن قاتمۇ — قات كىيىم كېيگۈزۈلگەندى. ئايال جەسىتىنىڭ بوينىدا مارجان، قولىدا ئۈزۈك بار ئىدى.

«ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ» دېگەندەك، 1956 — ژىلى ئۈرۈمچىدە تونجى قارارلىق «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە كۇرسى»دا مەملىكىتىمىزنىڭ داڭلىق تارىخشۇناسى ۋە پروفېسسورى شيانەي ئەپەندىنىڭ قولىدا ئوقۇغان ياش ئارخېئولوگلار بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ قەدىر — قىممىتىنى شۇ زامان پەملىدى. بۇ مەملىكەت مىقياسىدا تونجى قېتىم تېپىلغان بىباھا يادىكارلىقلار ئىدى. ئاما ئۇلارنى قانداق قىلغاندا تەكلىماكان قۇملۇقىدىن ئالدى بىلەن نىيە ناھىيەسىگە ساق — سالامەت يۆتكىگىلى بولىدۇ؟ «قېيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە». ئۇلار يوغان شوتىنىڭ ئۈستىگە جەسەت ساندۇغىنى قويۇپ، ئىككى ئوكۇزنىڭ ئۈشكە مەزمۇت باغلانغان ياغاچنىڭ ئوتتۇرىسىغا جەسەت ساندۇغىنى چەمبەر — چەس تاڭدى. تەكلىماكاندىكى ئېگىز قۇم بارخانلىرىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ، توغراقلىق جاڭگال — چاتقاللىقلاردىن يول ئېچىپ، جەسەت ساندۇغى تېڭىلغان ئوكۇزلەرنى ھايداپ ماڭدى. ئۇلار يول بويى چۆل — باياۋاندا ئوزلىرىنىڭ غەلىبە مېۋىسىگە تەنتەنە قىلىشىپ بېرىۋاتقاندەك، جىمىرلىشىپ تۇرغان يۇلتۇزلۇق ئاسماننى يېپىنچا، بىپايان قۇملۇقنى سېلىنچا قىلىپ، سوغ سۇنى ئۇسسۇلۇق، قوناق ئۇنىدا پىشۇرۇلغان پوكو (كۆمەچ)نى ئوزۇقلۇق قىلىپ، توققۇز كۈن پىيادە مېڭىپ، جەسەت ساندۇغى بىلەن باشقا قىممەتلىك يادىكارلىقلارنى نىيە ناھىيەسىگە ساق — سالامەت يەتكۈزۈپ كەلدى.

تەكلىماكاندىكى خارابىلاردىن تېپىلغان بۇ ئېسىل يادىكارلىقلار ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ 1 — دەرىجىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق گۆھىرى قىلىپ بېكىتىلدى. بۇ يادىكارلىقلار 1964 — ژىلى مۇزېي كورگەزمىسىگە تىزىلغاندىن كېيىن، مەملىكىتىمىزدە ۋە خەلق ئارادا زور تەسىر قوزغىدى.

سۈرەتتە: ئابدۇقېيىم خوجا ياپونىيە ئالىملىرى بىلەن.

ئۇلار 1962 — ژىلدىن 1968 — ژىلغىچە تومۇز ئايلىرىدا قوتتاغ (يالقۇن تاغ) باغرىدىن تونۇر يالقۇنىدەك يېلىنجاپ كېلىدىغان ئىسسىق شامالىرىغا، قىش ۋە ئەتىيازدا سىڭگىم ئېغىزىدىن ئۇرىدىغان ئاچچىق شامالار ۋە قۇم — توپىلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۇدا بىر نەچچە قېتىم تۇرپان رايونىنىڭ ئاستانە، قارغۇجا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئېلىپ باردى. ئۇلار ئوزلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بەدىلىگە تارىختىكى بىر نەچچە خىل مەدەنىيەت، بىر نەچچە خىل دىنىي ئېتىقات ۋە بىر نەچچە خىل ئىختىسات كىرەلىشىپ بىر — بىرىگە تەسىر كورسەتكەن، قەدىمكى «ئىپەك يولى»نىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان بۇ قۇتلۇق دىياردا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن مىڭلىغان ئېسىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قۇتقۇزۇپ قالدى...

مەن ش ئۇ ئا ر مۇزېيىنىڭ باشلىقى سابىت ئاكا بىلەن پاراڭلاشقىنىمدا، ئۇ ئارخېئولوگىيە ساھاسىغا 16 يېشىدا قەدەم بېسىپ، دىيارىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، مۇزېيشۇناسلىقتىكى ژۇقۇرىقىدەك مۇۋاپىقىيەتلەرگە ئوز ئەجرىنى سىڭدۈرگەن، ش ئۇ ئار مۇزېيىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى، تەتقىقات بولۇمىنىڭ مەسئۇلى ئابدۇقېيىم خوجىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالدى.

مەن يېقىندا ئابدۇقېيىم ئاكىنى زىيارەت قىلدىم:

— 1985 — ژىلى ئەخمەت رشىت، يۈسۈپ مۇھەممەت، دولقۇن قەمبىرى، غېنى سايىم، تۇرسۇن بەكرى ۋە مەن چەرچەن ناھىيەسىدىكى «زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىق»نى قېزىپ تەكشۈرۈشكە باردۇق.

— بۇ قېتىمقى قېزىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىگە كىم مەسئۇل بولغان؟

— مەن. بىز زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن نەچچە مىڭ ژىللىق تۇپا — چاڭ ئىچىدىن شىنجاڭ — تارىم ئارخېئولوگىيەسىدە بۇ كەمگىچە ئۇچراپ باقمىغان ناھايىتى قىممەتلىك يادىكارلىقلارنى تاپتۇق، — دېدى ئۇ كويا بىباھا نەرسىنى ژۇتتۇرۇپ قويۇپ يەنە تېپىۋالغان ئادەمدەك ھاياجانلىنىپ، — بۇنىڭدىن 3000 ژىل ئىلگىركى دەۋرگە ئائىت بۇ بىباھا يادىكارلىقلار ئىچىدە پۈتىغا ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك، ئۈچىسىغا رەڭدار ژۇڭ توقۇلمىدىن تون كىيگەن، قامەتلىك، كۆزلىرى يوغان، بۇرنى قاڭشالىق، ساقال — بۇرۇتى، كىرپىكلىرىگىچە ياخشى ساقلانغان ياشانغان ئەر كىشىنىڭ (ئايال جەسىتى مۇ بار) جەسىتى ۋە زاكىلاغلىق پېتى ئەينەن ساقلىنىپ قالغان بوۋاق جەسىتى، رەڭدار ژۇڭ توقۇلما كىيىم — كېچەكلەر، ھەر خىل باش كىيىملىرى ۋە باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرى بار. بۇ يادىكارلىقلارنىڭ بىر قىسمى مۇزېينىڭ قەدىمكى جەسەتلەر كورگەزمىسىگە قويۇلغاندىن بۇيان، تېخىمۇ زور تەسىر قوزغىدى...

ئارخېئولوگىيە كەسپىگە ياش چېغىدا قەدەم باسقان ئابدۇقېيىم خوجا تەشكىلىنىڭ تەربىيىلەپ يېتىشتۇرۇشى ۋە ئوزىنىڭ ئاجايىپ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن يالدامىلارنى قېدىرىپ تېپىش يولىدا نەچچە ئون ژىلدىن بۇيان كەسپداشلىرى بىلەن بىللە جاپالىق ئىشلەپ، تەكلىماكان ئىچىدىكى تەكشۈرۈش نۇقتىلىرىغا تورت قېتىم كىردى. ئەينى ۋاقىتتىكى قاتناشنىڭ قولايسىزلىقى، قېدىرىش ئەسلىھەلىرىنىڭ قالاقلىقى تۈپەيلىدىن، نەچچە ئون مىڭ كىلومېتىر مۇساپىنى بەزىدە قارا ماشىنىدا، بەزىدە ھارۋا، ئات، توگە، ئېشەكتە، كوپ ھاللاردا پىيادە باستى. بەزىدە تاغۇ — دەشتلەردە، قۇملۇقلاردا كومۇلۇپ قالغان خارابىلارنى قېدىرىش ۋەزىپىسىنى تاماملىغىچە سوتكىلاپ سۇسىز، تاماقسىز قالدى. قۇمۇل رايونىنىڭ شىكشىكشىيا، ئاراتۇرۇك — نوم دېگەن ئەڭ خىلۋەت جايلىرىدىن تارتىپ تەگرىتاغلىرىنىڭ ساي — جىلغىلىرى، ئىلى ۋادىسى، ئالتاي — چوچەك دالالىرى، ئالتۇنتاغ تىزمىلىرىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىدىكى ساي — جىلغىلىرىدىكى نەچچە ئون مىڭ كىلومېتىر مۇساپىدا ئۇنىڭ ئاياق ئىزلىرى قالدى. بۇ جەرياندا ئۇ نەچچە ئون مىڭ خەتلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى قالدۇردى، ئۇرغۇن سۈرەت تارتتى، خەرىتىلەرنى سىزدى.

مۇشۇنداق مۇشەققەتلىك قېدىرىشلار، زىمىستان قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرىدىكى ئۆگىنىش — ئىزدىنىشلار ئارقىلىق ئۇ تەدرىجىي ھالدا مېۋە بېرىشكە باشلىدى. ئۇ 1962 — ژىلى بېيجىڭدا چىقىدىغان «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىدا «شىمالىي شىنجاڭدىكى قىياتاش رەسىملىرى» دېگەن تېمىدا ماقالا ئېلان قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە شىمالىي شىنجاڭدىكى قىياتاش رەسىملىرىنى تونۇشتۇردى.

ئارخېئولوگىيە — «ژىگنە بىلەن قۇدۇق قېزىش»قا باراۋەر كېلىدىغان، ئىجتىمائىي پەنگىلا ئەمەس، تەبىئىي پەنلەرنىڭ خېلە كوپ تارماقلىرىغىمۇ بىۋاستە چېتىلىدىغان پەن. بۇنى ئېنىق تونۇغان ئابدۇقېيىم خوجا خەنزۇچىدىن باشقا، قەدىمكى تۈرك، «ئورخون» يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، چاغاتاي يېزىقى ۋە ئىنگلىز تىلىنى ئۆگەندى. كېيىن ئۇ تولۇق ھالدا شىنجاڭنىڭ ئىپتىدائىي جەمىيەت ئارخېئولوگىيەسىگە ئائىت مۇھىم نۇقتىلار تەتقىقاتى، قىياتاش رەسىملىرى تەتقىقاتى ۋە قەدىمكى تۈرك (ئۇيغۇر) تىلى تەتقىقاتى، «چاغاتاي يېزىقى»غا پۈتۈلگەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قول يازما يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتلىرى جەھەتتىكى ئارمانلىرىنى بىر — بىرلەپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە داۋاملىق دالا ئارخېئولوگىيەسى بىلەن شۇغۇللانسا، قىش، ئەتىيازدا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسرائىل يۈسۈپلەر بىلەن «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانمىلار» دېگەن كىتاۋنى نەشرگە تەييارلىدى،بۇ كىتاپ1984 — ژىللاردىن باشلاپ، ئىسرائىل يۈسۈپ، دولقۇن قەمبىرلەر بىلەن بىرلىكتە، ئېلىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى 27 پەردىلىك چوڭ ھەجىمدىكى سەھنە ئەسىرى — «مايترى سىمىت» ئۈستىدىكى مۇشكۇل تەتقىقاتقا تۇتۇش قىلىپ، ئۇنىڭ بىرىنچى كىتاۋىنى مۇۋاپىقىيەتلىك تاماملىدى، بۇ كىتاپ 1988 — ژىلى نەشىردىن چىقتى. بۇ تەتقىقات جۇڭگو دراما تارىخى بىلەن ئۇيغۇر دراما تارىخىدىكى مۇھىم بوشلۇقلارنى تولدۇرغانلىقى ئۈچۈن، بۇ كىتاپ 1991 — ژىلى ش ئۇ ئا ر پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ساھاسى بويىچە 2 — دەرىجىلىك ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئارخېئولوگ كويا تەستە مېۋە كىرىدىغان دەرەق. ئۇلارنىڭ كەسپىي ھاياتى ناھايىتى جاپالىق؛ بۇنىڭدا قەتئىي ئىرادە بولغاندىلا، مۇۋاپىقىيەت قازانغىلى بولىدۇ. جۇڭگو ئارخېئولوگىيە، جۇڭگو مۇزېيشۇناسلىق قاتارلىق جەمىيەتلەرنىڭ ئەزاسى بولغان ئابدۇقېيىم خوجا ش ئۇ ئار ئارخېئولوگىيە ساھاسىدا مول مېۋە بېرىۋاتقان تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئۇزۇن ژىللىق دالا ئارخېئولوگىيەسىدە توپلىغان بىرىنچى قول يازما ماتېرىياللىرى، مۇناسىۋەتلىك تارىخىي خاتىرىلەر، تەتقىقات ماتېرىياللىرى ئاساسىدا ئەتراپلىق ئىزدىنىپ يازغان «يۇرتىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمىيەت ئارخېئولوگىيەسىدىن ئومۇمىي بايان»، «ئىلى ۋادىسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تونۇشتۇرۇش»، «ئالتۇنتاغ قىياتاش رەسىملىرى»، «شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق، دېخانچىلىق، باغۋەنچىلىق تارىخىغا ئائىت ئارخېئولوگىيەلىك مەلۇماتلار»، «كوجەي قىياتاش رەسىملىرى»قاتارلىق ژۇقۇرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ماقالىلىرى ئارقا — ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. خەلقىمىزگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇرغۇن قىممەتلىك يادىكارلىقلىرىنى تونۇشتۇرغان بۇ تەلەپچان تەتقىقاتچىمىزنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى — سىرتىدا موشۇ ساھادىكىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئۇ 1986 — ژىلى «جۇڭگو شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كورگەزمە گۇرۇپپىسى» تەركىۋىدە ياپونىيەگە باردى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ستانسىيەسى ئۇنىڭ«كوجەي قىياتاش رەسىملىرى» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىگە ئاساسەن يېرىم سائەتلىك مەخسۇس فىلىم ئىشلەپ تېلېۋىزوردا كورسەتتى. ئۇ بۇ ماقالىسىنىڭ خەنزۇچىسىنى 1991 — ژىلى نەشىيادا ئوتكۈزۈلگەن «91 — ژىللىق خەلق ئارا قىياتاش رەسىملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە ژىغىنى»دا ئوقۇغاندىن كېيىن، بۇ ژىغىننىڭ ئىلمىي ماقالىلار توپلىمىغا كىرگۈزۈشكە تاللاندى.

بۇ ژىل 51 ياشقا كىرىپ قالغان ئابدۇقېيىم ئاكا دېگىزدىن ژىگنە ئىزدىگەندەك قېدىرىش ئارقىلىق توپلىغان ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، چوڭقۇر ئىزدىنىپ، «قەدىمىي دىيار ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» دېگەن كىتاۋنى تەييارلاپ بولىدى. ئۇ ھازىر «تەگرىتاغ قىياتاش رەسىملىرى» دېگەن ئەسىرىنى ئىشلىمەكتە. بىز پىشقان تەتقىقاتچىمىزنىڭ قىممەتلىك يالدامىلارنى يورۇقلۇققا چىقىرىش يولىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېدىرىش ئىشلىرىغا ۋە ئىزدىنىشلىرىگە تېخىمۇ چوڭ مۇۋاپىقىيەت تىلەيمىز.

نىلۇفەر ھەسەن.

(«شىنجاڭ گېزىتى»، 1992 — ژىل، 2 — ئىيۇن ساندىن ئېلىندى.)

2003 - يىل - قوي يىلى

شەرق تەقۋىمى (كالېندارى) بويىچە 2003 - يىلغا بولغان ئۇمۇمىي تەخمىن

ئۇلاردىن كۈتكەنلىرىگە ماس كەلمەسلىكىنى، ياكى خە
يالدىكى قەدىرىياتلارنى ئىزدەپ، ئۆز خاھىشىغا زىت
ھالدا ھەرىكەت قىلىۋاتامدۇ دېگەن گۇماننى تەكشۈ-
رەيدىغان ۋاقىت. بىرىنچىسى ئۇلار ئۈچۈن سىلىق

مۇ، جەمىيەتتىكى ئەھۋالىغىمۇ، ئەرسىلەرنى كوپ سې-
تىۋېلىشىغىمۇ، باشقا جىنىستىكى بىلەن بولغان مۇنا-
سىۋەتتىن ئالىدىغان ھوزۇرلىنىشىغىمۇ تەئەللۇق بول-
دۇ. ئەگەر بېلىقلار پائالىيىتىنىڭ ئەمەلىي پايدا ئې-
لىش ساھالىرىدا شۇغۇللانسا ئۇلارغا مۇناسىپ ھور-
مەت بىلدۈرۈلىدۇ.
ئاتقا بېلىقلار روھىي، شەخسىي جەھەتتە جىد-
دىي سىناقلاردىن ئۆتۈشى كېرەك. ۋۇجۇدىدا ئېيتىلغان
لار بېلىقلارنىڭ ھاياتىقا





چاشقان

چاشقانلار - (چاشقان يىلى تۇغۇلغانلار) ئۈچۈن قوي يىلى قارىمۇ - قارشى ۋە بىر خىل ئەمەس ئىشلار بىلەن ئىشانلىنىدۇ. چاشقانلار ئۆزلىرىنىڭ ئاكتىپلىغىنى سەل كەمەيتكىنى ياخشى، چۈنكى شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلار زۇرەك ئاغرىقلىرىدىن ۋە ئۆز ئىشىدىكى بەزى كوڭۈل ئېلىشلاردىن خالىي بولالايدۇ. چوڭ ۋە مۇھىم ئىشلارنى باشلىمىغان ياخشى، ئاما ئىلگىرى قولغا ئالغان ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇش پايدىلىق بولۇپ ھوزۇر بېغىشلايدۇ.

ئىش كوپ بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بىيىل غالىبىيەت ناھايىتى قىيىن قولغا كېلىدۇ - ئەندى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراش ئوڭايلا بولىدۇ. يەنە كېلىپ مەنسەپكە قاراپ ئالغا ئىلگىرلەش چاشقانلاردىن كۈچ - قۇۋەتنى تېخىمۇ كوپ سەرىپ قىلىشقا ۋە كوللېكتىۋقا ئەمگەك قىلىشتا چوڭ ماھارەتنى نامايەن قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

چاشقانلار ئىش ئورنىنى يوتكىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنداق ھالەتتە موجىزە بولۇشىنى كۈتمىسۇن. كونا ۋە ئونتۇلۇپ قالغانغا قايتىشى مۇمكىن، ئۇنداقتا ياخشى ئىشلەپ، قولدا بار نەرسىدىن پايدا ئالسۇن ۋە راھەتلەنسۇن. ئۇلار شۇنداقلا ھەممىنى تاشلاپ، كوڭلى قېلىشى مۇمكىن ۋە بۇ ئۇلارنىڭ ھاياتىدا يېڭى باسقۇچنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

چاشقانلار ئۈچۈن بۇ يىلى قىيىلغان نىكالار ئانچىلا ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ، ئۇلار سەرسان بولىدۇ ۋە تاقىتسىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقى نامەلۇم. چاشقانلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى، ئوي ئىگىلىكى، مۈلكى، ئوي بىلەن باغلىق بولغان يېڭى مەجبۇرىيەتلىرى پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

ئۇي

ئۇيلار ئۈچۈن قوي يىلى ئوتتۇقلۇق بولىدۇ ۋە بۇ ھالەتتىن پايدىلىنىش لازىم. ئۇلار ئوز ھاياتىغا چوڭ ئوزگىرىشلەرنى كىرگۈزۈشى مۇمكىن، مۇنداق ئوزگىرىشلەر ئۇلارنىڭ ھاياتىنى تېخىمۇ قىزىقارلىق، جوشقۇن قىلىشى مۇمكىن. ئۇلار يېڭى بىر ئىشنى قولغا ئېلىشى ۋە ئوتتۇققا يېتىشى، ئوقۇشقا چۈشىشى ياكى ئوقۇتقۇچىلىق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشى ۋە بۇنىڭغا ئوكۇنمەسلىكى مۇمكىن.

ئۇيلارنىڭ مەنسەپتە ئوسۇش ئېھتىمالى زۇقۇرى، پۇلى كوپىيىدۇ ۋە ئۇ ئوراقلىق بولىدۇ. ئۇيلار تەسەددىپەن ئۇختىسىغا كەلگەندە ھورمەتلىنىشى، ياخشى كورۇنۇشى، مۇكاپاتلىنىشى، مۇناسىپ باھالىنىشى مۇمكىن. شۇنداق ئېكەن، ئەگەر ئۇيلارنىڭ قانداقتۇ كېچىكتۇرۇپ بولمايدىغان ئىشلىرى بولسا، ياكى ئۇلارنىڭ كالللىسىدا قانداقتۇ يېڭى بىر ئىش پىشىپ يېتىلگەن بولسا، ئۇلارغا ئوتتۇش قىلسۇن، يامان بولمايدۇ. ئۇيلار بۇ يىلنى شۇنداقلا ژىراق يەرلەرگە بېرىش ۋە سەپەرلەردە ئوتكۈزۈشى مۇمكىن، يېڭى تۇرۇشلۇق جايغا كوچۇپ كېتىش ئېھتىمالىمۇ بار. ئۇيلارنىڭ يېڭى ئۇچرىشىشلىرى ئوڭايلا پايدىلىق تونۇشۇشلارغا ئايلىنىدۇ ياكى جوشقۇن ۋە ئىجادىي ئىلگىرلەشلەر ئۈچۈن سەۋەپ بولىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتا ئىجادىي يىل ۋە ئۇنى ئىجادىي ئىشلار بىلەن ياشاش كېرەك. قوي يىلى خىيالپەرەستلىك ئىشتىياقلارنى ئېلىپ كېلىشكە قادىر. ئۇيلارنىڭ كوپچىلىكى ئوزلىرىنىڭ سوپگىنىنى ئۇچرىتىدۇ، مۇھەببەتلەشكەنلىرى بىلەن نىكاللىنىدۇ ۋە بالا تاپىدۇ. ئۇيلار ئەگەر ئائىلەۋىي مۇناسىۋەتلەر ئوز ئەھمىيىتىنى يوقاتقانلىقىنى، ئوزلىرىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا كاشىلا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلسا، زۇرەك ئەمرى بىلەن ھەتتا ئاجرىشىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.

يولۋاس

يولۋاسلار ئۈچۈن قوي يىلى - ئاگلىق يوسۇندا ئوزىنى چەكلەش ۋە كەمتەرلىك بىلەن كۈتۈشلەر مۇۋاپىقىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان، ئەندى كۈرەش ۋە نەپسانىيەتلىك لايىھەلەر مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياقلىشىدىغان ۋاقىت. يەنە شۇنداقلا بىيىل يولۋاسلارنىڭ مەشغۇلاتى ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىگە ۋە ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئوتۇپ كېتىدۇ، ئىككىنچىسىدە بولسا - يولۋاسلار كوڭۈلسىزلىكلەردىن ۋە رەنجىشلەردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

بۇ يىلى يولۋاسلار تۇرمۇشىدا ئائىلەۋىي ھاياتقا باغلىق ۋاقەلەر يۈز بېرىدۇ، مەسىلەن، ئۇلار نېكاللىق بولۇشى ياكى ئاجرىشىپ كېتىشى مۇمكىن، ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ۋە يېقىن ئۇرۇق - تۇققانلىرىنىڭ ھاياتىغا ۋە سالامەتلىكىگە باغلىق ۋاقەلەر يۈز بېرىدۇ: كىمدۇ بىرى ئاغرىپ قالىدۇ، كىمدۇ بىرىگە ياردەم كېرەك بولىدۇ، كىمدۇ بىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا توغرا كېلىدۇ ۋە ھاكازىلار. يولۋاسلار ئوز ئىختىيارى بىلەن ياكى ئوزلىرىگە باغلىق بولمىغان شارائىتقا بويسۇنغان ھالدا يېڭى ئويگە، شەھەرگە، ھەتتا باشقا ئەلگە كوچۇپ كېتىشى، ياكى ئوز ئويىنى دوستلىرى بىلەن سەپداشلىرىنىڭ مۇئامىلە قىلىش ئورنىغا ئايلاندۇرۇشى مۇمكىن.

يولۋاسنى ئىلگەركى خىزمەتلىرى ئۈچۈن مۇكاپاتلىشى، ياكى ئىشنى يوتكەشكە، ئىشتىن بوشىنىشقا، كېتىشكە مەجبۇرلىشى مۇمكىن. بەزىبىر يولۋاسلار ئوز كوز قاراشلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىغا كوڭلى قېلىپ، ئوي - پىكىرلىرىنى، ئىشلىرىنى تەرتىپكە كەلتۈرۈش، ھادىۋق ئېلىش ئۈچۈن ئوزىنى چەتكە تارتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. كىشىلەر مەلۇم ۋاقىتقىچە يولۋاسنى چوشىنىشتىن قالىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھېساپلىشىشقا توغرا كېلىدۇ.

توشقان

قوي يىلى توشقانلار ئۈچۈن ناھايىتى خىلمۇ - خىللىق بولىدۇ، لېكىن مۇنداق ھەر خىللىق چوڭ خوشاللىق ئېلىپ كەلمەيدۇ. ۋاقەلەر ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ بارلىق تەرەپلىرىنى: شەخسىي جەمىيەت ھاياتىنى، ئائىلەۋىي ئىشلارنى، مەنسۇپنى، كەسپىي مۇناسىۋەتلىرىنى، ئىجادىيىتىنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچى نۇۋەتتە ئەدەبىي ئەمگەك، پەن ۋە سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان توشقانلارنى مەلۇم ئوتتۇقلار كۈتمەكتە.

توشقانلار ئىشدا ئىستىپاغا چىقىشى ۋە بۇ ھالەتكە رازى بولۇشى ياكى، ئەكسىچە، يېڭى ئىش ئورنىغا تەكلىپ قىلىنىشى مۇمكىن، بۇ يەردە ئۇلارغا خېلە جىددىي ئەمگەك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. خىزمەتتە ۋە ئائىلىدە ئوز ئارا مۇناسىۋەتلەر مۇئامىماسى ئالدىنقى ئورۇنغا چىقىدۇ. قوپال رېاللىق توشقانلاردىن مۇرەسسەنى، يول بېرىشنى، كۈتۈلمىگەن ئوزگىرىشلەرگە نىسبەتەن كونۇش ۋە ئوڭىنىش قابىلىيىتىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداقلا توشقانلار قوي يىلى تويۇقسىزلا نېكاللىق بولۇشى ۋە شۇنداقلا چاپسان ۋە ئوزلىرى ھەم ئەتراپىدىكىلەر ئۈچۈن چۈشىنىكسىز ھالدا ئاجرىشىپ كېتىشى مۇمكىن.

بېلىق

قوي يىلى بېلىقلار ئۈچۈن ھەر خىل، لېكىن ئۇلار ئۈچۈن ئۇ پايدىلىق يىل بولىدۇ. بېلىقلار ئوز مۇددىتىنىڭ ئەندى پۈتكەنلىكىنى ۋە كىم ئۇلگۈرەلمىگەن بولسا، ئۇنىڭ كېچىككەنلىكىنى ئېنىق چۈشىنىۋېلىشى لازىم ۋە ئەندى ھەر قانداق ئوتتۇق ئۇرغۇن جىسمانىي كۈچ - قۇۋۋەتنى ۋە مەنىۋىي قوللاپقۇۋەتلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن ۋاقىتنى بىكار ئوتكەزمىگەن بېلىقلار قوي يىلىمۇ ئوزلىرىنى قانداق ئىشقا بېغىشلاشنى تاپىدۇ. ئۇلار باشلىغانلىنى داۋاملاشتۇرغان ۋە تەرەققىي ئەتكۈزگەن ھالدا، پەقەتلا ئوتتۇققا ئېرىشىدۇ.

ئۇلار ئۈچۈن بۇ يىلنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى تۇۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: ماددىي جەھەتتە بېلىقلار ئوتتۇققا ئېگە بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق ئاملار تېپىلىدۇ. بۇ ماتاشقىمۇ، مەنسەپ مەسىلىلىرىگە نىسبەتەن ئىدېئالىستىك چۈشەنچىلىرى ۋە كوز قاراشلىرى بىلەن ئىشنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ئوتتۇرىسىدىكى پەرىقلەرنى بەلگۈلەيدۇ. ئەمەلىيەتتا ھەممە ئىش يامان ئەمەستەك كورۇنۇشى مۇمكىن، لېكىن بېلىقلارغا ئىش ئېقىمىغا ۋە ئوزلىرىنىڭ مۇۋاپىقىيەتلىرىگە خوشال بولۇشقا نېمىدۇ بىر نەرسە توسالغۇ بولىدۇ.

ئىلان

ئىلانلار ئۈچۈن قوي يىلى - ئۇن ئىككى يىللىق دەۋر ئىچىدىكى ياخشى ۋاقىت. بۇ ئىشتا مۇۋاپىيەقىيەتلەر يار بولىدىغان، مەنسەپتە ۋە ئىلمىي پائالىيىتىدە ئالغا ئىلگىرلەيدىغان، سەنئەتتە ۋە ئۇمۇمەن ئىجادىيەتتە ئوتتۇقلارنى قولغا كەلتۈرىدىغان يىلدۇر. ئىلانلار ئەمەلىيەتتا ئوزلىرىنىڭ نېمىنى خالايدىغانلىقىنى جىددىي ئويلىنىشى كېرەك. ئىلانلار كوپ نەرسىنى خالايدۇ ۋە ئۇلار كوپ نەرسىلەرگە ئېگە بولىدۇ.

ئۇلار ئۈچۈن بۇ يىل مەلۇم مەنىدە ئالاھىدە باسقۇچلۇق بولۇپ، ئادەم ئوز ئىشلىرىغا يارىشا ئالىدىغان ۋە ئوزىنىڭ ئەڭ قەلبى تورىدىكى خاتىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بولىدۇ. كوپلىگەن ئىلانلار بۇ يىلى نېكاللىق بولىدۇ ۋە بالا تاپىدۇ. بۇ شۇنداقلا بىرىنچى قېتىم ئىش باشلاش ۋاقتى بولىدۇ، رەسساملار يېڭى دەۋرنى باشلايدۇ، مۇزىكانتلار يېڭى ستىلغا مۇراجەت قىلىدۇ، يازغۇچىلار قانداقتۇ ئەجايىپ ۋە چوڭ ئەسەرنى نەشر قىلدۇرىدۇ، سىياسەتچىلەر ھاكىمىيەت چوققىسىغا چىقىدۇ ۋە ھاكازىلار. ھەتتا تەۋەككۈلچىلىك، تالاش - تارتىش، ھەر قانداق كوڭۈلسىزلىكلەر بىلەن باغلىق بولغان ئەھۋاللاردىمۇ، ئىلانلار، ئادەتتە، سۇدىن قۇرۇق چىقىدۇ.

ئات

ئاتلار ئۈچۈن قوي يىلى جىددىي، خاتىرجەمسىز ۋە قىيىن يىلدۇر. ئاتلارغا ئوز ئاكتىپلىغىنى ۋە تەلەپلە

رىنى پەسەيتىش، تەۋەكۇلچىلىكنى ئەڭ ئاز دەرىجىگە چۈشۈرۈش، شۇنداقلا ئۆز سالامەتلىكى توغرىلىق، بولۇپمۇ نېرۋا سىستېمىسى ئۈستىدە غەمخورلۇق قىلىشى يامان بولمايدۇ.

ئاتلار بەختسىزلىك ھادىسىلەردىن، يوشۇرۇن ۋە مەخپىي دۈشمەنلىرىدىن ساقلىنىشى لازىم، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى مۇھاكىمە قىلىش ۋە تەنقىت، سوز - چۆچەك ۋە مىش - مىشلارنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن كەيپىيات ياخشىلانمايدۇ. ئاتلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرى ۋە جىسمانىي ئەھۋالى ساھەسىدا قېلىپلىشىۋاتقان ۋەزىيەتنى ئەينە شۇنداق خاراكتېرلەش مۇمكىن.

ئەينە موشۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ ئىجادىي، ئىجتىمائىي، ئەمەلىي ۋە شەخسىي ھاياتى ئۆتىدۇ. ئاتلارغا خىيالپەرەستلىك يېتىشمەيدىغان بولىدۇ، ئېنىغراقى، مەخسەتكە يېتىش يولىدا ناھايىتى ئۇرغۇن ئىشلار، توسالغۇلۇقلار بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا نېكاھلىنىش ئانچىمۇ ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ.

ئاما ئاتلار جامائەتچىلىك پائالىيىتىدە ئۇتتۇق قازىنىدۇ، قەتئىي ۋە ئىدىتلىق ئىشلار ئۇلارنىڭ ئابرويىنى كوتىرىدۇ، خالىغان مەخسەتكە يېتىشكە ياردەم قىلىدۇ. نەق ئەينە شۇ ئىجتىمائىي ساھادا ئاتلارنى كوپلىگەن توسالغۇلۇقلار كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئۇلارغا قۇياش ئاستىدىكى ئۆز ئورنى ئۈچۈن كۆرۈشىشكە توغرا كېلىدۇ ۋە بۇ كۆرەش بەزىدە مۇرەسسەسىز بولىدۇ، لېكىن ئۇتتۇقتا ئېلىپ كېلىدۇ.

قوي

قوي ژىلى قويلار ئۈچۈن - ئەڭ ياخشى ۋاقىت. ئۇلارنىڭ نىيەتلىرى بىلەن ئارزۇ - ئارمانلىرى ئەمەلگە ئېشىشقا باشلايدۇ. تاللانتلىقلار بىلەن ئىستېداتلىقلار تەلەپ قىلىنىدۇ. قويلار ئۆزلىرىنى خېلىلا ئەركىن ۋە ئىشەشلىك ھېس قىلىدىغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئامىتى كېلىدۇ ۋە ئۇلار ئاكتىپلىقنى، مەخسەتچانلىقنى ھەم ئەمگەكسۆيەرلىكنى نامايەن قىلىپ، تېخىمۇ چوڭ پەللىگە يېتىدۇ. پەقەتلا ھورۇنلۇق ۋۇقۇزىدا قەيت قىلىنغان تەغدىر سېخىلىقلىرىنى يوققا چىقىرىشى مۇمكىن.

بۇ ۋاقىت خىزمەت بابىدا ۋە بەھىر ئېلىش ئۈچۈن سەياھەتلەرگە چىقىشقا، بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ۋە مۇھەببەتلىشىشكە ناھايىتى قولايلىق. سىياسەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياكى ئۆزىنى جەمىيەت ۋە رەھبەرلىك پائالىيىتىگە بېغىشلىغان قويلارنىڭ ئامىتى كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سپورتچىلار غالىبىيەتكە ئۈمۈت قىلىشى مۇمكىن، ئەندى خوۋۇپلۇق كەسىپلەر بىلەن بەنت بولغان قويلار بولسا خېيىم - خەتەرگە ئانچە كوپ دۇچار بولمايدۇ.

قويلار بولغۇسى ئائىلىنى ياكى ئېرىنى ئۇچرىتىشى مۇمكىن. بۇ ۋاقىتتا قىيىلغان نىكا ئادەتتە ئۇتتۇقلۇق بولىدۇ، ئەندى خىيالپەرەستلىك سەرگۈزەشتىلەر يېڭىنىڭ ئاياقلىشىدۇ. ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ ئىشىمۇ ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. قويلار پائالىيىتىنىڭ ھەر قانداق ساھالىرىدا ئەجايىپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ، بۇنىڭدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ماھارىتىنى، ئەدەپ - ئەخلاقىنى، ئىچكى مەپتۇنكارلىقىنى نامايەن قىلىشى مۇمكىن.

مايمۇن

مايمۇنلار ئۈچۈن قوي ژىلىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىكسىز. ئۇنى ناچار بولىدۇ دەپ ئېيتىش مۇمكىن ئەمەس، شەرتسىز ياخشى دەپمۇ ئاتاش مۇمكىن ئەمەس. ئېھتىمالىم، مايمۇنلارنىڭ بۇ ۋاقىتتا قانداق بىلىم بىلەن قەدەم تاشلايدىغانلىقى ۋە ئۆز ئالدىغا قانداق مەخسەتلەرنى قويىدىغانلىقىغا ھەممە نەرسە باغلىق بولسا كېرەك. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەش ئورۇنلۇقكى، كوپلىگەن ئائىلىلار ئۈچۈن ئۇتتۇق - بۇ ئائىلە، ئائىلىۋىي بەخت، ئەندى كوپلىگەن ئەرلەر ئۈچۈن مۇۋاپىيەقىيەت - بۇ ئىشتىكى، ئۆز ئىشىدىكى ئۇتتۇق، مەنسەپ پەلەمپىيى بويىچە ئالغا ئىلگىرلەشتىن ئىبارەت.

ئاياللار بۇ ژىلى ئۆز بەختىنى ئائىلىۋىي ھاياتتىن تېپىشى مۇمكىن، ئەندى ئەرلەر بولسا ئۆزلىرىنى ئۆز كەسپىدە، ئۆزلىرى تاللاۋالغان ھەر قانداق ئىشتا نامايەن قىلىشى مۇمكىن. ئەكسىچە بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىشتا ۋە شەخسىي ھاياتتا كۆتۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىشى مۇمكىن، بۇ ئۆزگىرىشلەر سەلبىي ئەمەس، بەلكى ئىجابىي بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار پەقەت مايمۇنلارغىلا كۆتۈلمىگەن ئەدەك بىلىنگىنى بىلەن، ئەمەلىياتتا ھەممە نەرسە موشۇنىڭغا قاراپ يۈزلەنگەن ۋە پەقەت ئەندىلا زورۇرىيەت تېپىلغاندا ھەل بولىدۇ.

مايمۇنلار شۇنى قەتئىي ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشى لازىمكى، بۇ ۋاقىتتا ئۇمۇم تەرەپتىن قوبۇل قىلىنغان قائىدىلەر بويىچە ياشاشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇلارغا رىئايە قىلماسلىق شەخسىي ھاياتتا، شۇنداقلا ئىش بابىدىكى ۋە ئىجتىمائىي ساھالاردا كېلىشمەسلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۆز مىجەزى بويىچە ھەرىكەتچان ۋە تەدبىرچان بولغان ئۇلار ئۈچۈن، ئىشنىڭ مۇنداق بولۇشى بالاغەتكە يېتىشنىڭ مەلۇم سىنىغى بولىدۇ.

توخۇ

ئاسترولوگىيە (مۇنەججىم) پەنىگە مۇۋاپىق، توخۇلار ئۈچۈن قوي ژىلى ئامەتلىك بولىدۇ. توخۇلار ئۆزلىرىنى تامامەن ماددىي مەسىلىلەردە، شۇنداقلا يۈكسەك تەسىر دائىرىلىرىدە نامايەن قىلىشقا قادىر. توخۇلار ئۆزلىرىنى نامايەن قىلىشنىمۇ قىلىدۇ، لېكىن ئۇلارغا ئۆز مەنپىيەتلىرى ئۈچۈن شارائىتقا ۋە رەقىپلىرىگە قارشى كۆرەشتە مەخسەتكە يېتىشى مۇمكىن.

بۇ يەردە سوز ئىدىيەلەر بىلەن كوز قاراشلارنىڭ زىددىيەتلىرى كورۇنۇشىدە ئەۋج ئالىدىغان ئۇچۇق توقۇنۇش توغرىلىق بولۇشى مۇمكىن. بۇ ژىلى ئۇرۇش يولىغا قەدەم تاشلىغان توخۇلار جىددىي تەۋەككەلچىلىك قىلىدۇ. مۇنداق ھادىسىدە مەنسەپتە ھەر قانداق كوتىرىلىش ئۇزاققا سوزۇلمايدۇ ۋە پەقەتلا توخۇلارغا دۈشمەن كۈچلەرنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. ئۇلارنى چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن، ئەندى يامىنىغا ئايلانسا - ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋېلىشى ۋە ئۇلارغا زىيان يەتكۈزۈشى مۇمكىن.

ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان توخۇلارنى ئۇتتۇق كۈتىدۇ، لېكىن ئۇلار قولغا كەلتۈرگەنلىرى بىلەن قانائەتلىنىپ قالمايدۇ ۋە ئېرىشكەن ئۇتتۇق بىلەن خاتىرجەم بولىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن بۇ تەجرىبىلەرنى قىلىش، ئۆزىنى ۋە پائالىيەتنىڭ يېڭى شەكىللىرىنى ئىزدەشتۈرۈش، خېلىلا چوڭ ئىجادىي ئۇسۇش، شۇنداقلا موشۇ ئاساستا خىزمەتداشلىرى بىلەن چوقۇم جىدەللىشىش ۋاقتى بولىدۇ.

ئىشت

ئىشتلار ئۈچۈن قوي ژىلىغا تەخمىن قىلىش - ناھايىتى قىيىن ئىش. بۇنىڭ سەۋەۋى - ۋاقىتنىڭ موشۇ دەۋرىدە ئىشتلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى دۇچار بولىدىغان يوشۇرۇنۇپ ياتقان، كوزگە كورۇنمەيدىغان ئۆزگىرىشلەردىن ئىبارەت. بۇ ئۆزگىرىشلەر خېلىلا غەيرىي - تەبىي بولىدۇ، ئۇلارغا تېخىچە دورا كەشىپ قىلىنمىدى. ھاياتنىڭ شارائىتى ۋە ئىشتلارنىڭ ئىشلىرى پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنىڭ ياخشى ياكى ناچارلىقىنىڭ ئەكسى بولىدۇ خالاس.

ئىشتلار بىۋاستە تەغدىرنىڭ، مۇقەررەرلىكنىڭ، قىسمەتنىڭ تەسىرى ئاستىدا قېلىشى مۇمكىن. قىسمەت ئۇلارنى دولقۇننىڭ ئەڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىشى، ياكى بولمىسا يەرگە ئېتىپ ئۇرۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئىشتلار ئوخشاش ئېھتىمالدا خىزمىتىدە ژۇقۇرى كوتىرىلىشى ياكى ھەر خىل سەۋەپلەر بىلەن خىزمىتىدىن كېتىشى مۇمكىن.

بۇ ژىلى قىيىلغان نىكالار ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ ۋە ئادەتتە چاپسان ئاجرىشىش بىلەن ئاياقلىشىدۇ، خىيالپەرەستلىك سەرگۈزەشتىلەر مۇئامىلارنى پەيدا قىلىدۇ، زورۇرىيەت تېپىلغاندا ياكى زېرىككەندە باشقا يەرلەرگە كوچۈشى مۇمكىن، ئۆز پائالىيىتىدە ئۇتتۇق ئوكايلىقچە قولغا كەلمەيدۇ ۋە ئۇ مۇناسىپ ئۇتتۇق بولىدۇ.

توڭگۇز

ئەنئەنىۋىي خىتاي ئاسترولوگىيەسىگە مۇۋاپىق، قوي ژىلى توڭگۇزلار ئۈچۈن ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ. ھەقىقەتەنمۇ، توڭگۇزلارنى بۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ پىلانلىرىغا قارشى تۇرۇشتا، يېقىن ئادەملىرى ۋە خىزمەتداشلىرى بىلەن قارىمۇ - قارشىلىقتا بولۇشتا، سالامەتلىكىنىڭ ناچارلىشىشىدا ئەكس ئېتىدىغان تەغدىرنىڭ بېۋاپالىقلىرى كۈتىدۇ.

توڭگۇزلارغا تەۋەككەلچىلىك قىلىش، يېڭى ئىشلارنى باشلاش، ژىراق يەرلەرگە سەياھەتلەرگە بېرىش قەتئىي تەۋسىيە قىلىنمايدۇ. لېكىن قوي ژىلىنى قارا بوياق بىلەن بوياشقا ئاساس يوق. مەسىلەن، توڭگۇزلار ھازىر ئۆزلىرىنىڭ كەسپىدە ئۇتتۇققا ئېگە بولۇشى، كۈتۈلمىگەن يەردىن مۇۋاپىيەقىيەت قازىنىشى، ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ھاياتى ئۈچۈن قاندىقتۇ بىر مۇھىم ئىشنى قىلىشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئۈچۈن توڭگۇزلارغا ئۇرغۇن كۈچ - قۇۋۋەت سەرىپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، لېكىن بۇ مۇناسىۋەتتە قىلىنغان ئەمگەك، ئېنىغراقى، تولۇق ئىش بىلەن تەمىنلىنىش ئۇلارنىڭ ئۈستۈن كەيپىياتىنى ساقلاپ قالىدۇ، توڭگۇزلارنىڭ چۈشكۈنلۈككە چۈشۈپ كېتىشكە، خاپىچىلىققا ياكى ئاخماقانە ئىشلارنى قىلىشقا يول قويمايدۇ.

(مەتبۇئات ماتېرىياللىرىدىن تەييارلىغان يادىكار سابىتىي).

مىللىي ئارمىيە باش شتابىدىكى زىيارەت

(ئاخىرى، بېشى 2 - بەتتە)

لەت مەخسۇم ئورنىدىن تۇرۇپ، توپ ئارىسىغا كىرىپ، ئورۇندۇققا چىقىپ سوز قىلىشقا باشلىدى:

«ھورمەتلىك مېھمانلار، قېرىنداشلار، رەھبەرلەر! شېڭ شىسەي بىلەن جياڭ جېيشى بۇنىڭدىن 10 نەچچە ژىل بۇرۇن مېنىڭ شىجائىتىمگە سىم توساق قۇرۇپ، قەلبىمنى تۇنجۇقتۇرۇپ، ئاغزىمغا يوغان شەددە قۇلۇپ سېلىۋەتكەندى. مانا بۇ لەنىتى شەددە قۇلۇپنى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاۋىنىڭ بازغىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، مېنىڭ زۇۋانىمنى ئېچىپ، ئەركىنلىك، ئازاتلىق ۋە ھەققانىيەتنى كۈيلەپ كەلگەن تىلىمغا نىجاتلىق بەردى. خەلقىمىز ئەسىرلەردىن بۇيان ئەكسىيەتچىلەرنى، زالىملارنى تويغۇزۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار خەلقىمىزنى ئازاپ - ئوقۇبەت، نادانلىق، خانىۋەيرانچىلىققا، زىندانغا مەھكۇم قىلدى. بىز چەكسىز خورلاندۇق، كامسىتىلدۇق. بايىلا، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندى بىزنى ئەللەي ئېتىپ، بەخۇدلاشتۇرىدىغان غارايىپ كەپلەرنى قىلدى. بىز كۆرەش ئارقىلىق ئەركىنلىك، ئازاتلىق ۋە ھەقىقىي خەلقچىللىق، باراۋەرلىككە ئېرىشەلەيمىز. بىزگە يالغان، ياسالما تىنچلىقنىڭ كېرىكى يوق...

پۈتۈن مەيداندا ئالقىش ساداسى ياڭرىدى.

ئۇنىڭ كەينىدىن ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ قامىتى مۇنبەردە پەيدا بولغاندا، ئاسماننى لەرزىگە سالغۇدەك چاۋاك ساداسى ياڭرىدى.

- موتىۋەر ئاتىلار، قېرىنداشلار! - دەپ سوزىنى باشلىدى ئۇ، - ئىنقىلاپ - ئاغدۇرۇش، دۇم كومتۇرۇش دېگەن سوز. بىز ئەينە شۇنداق مەنىدىكى ئىنقىلاپنى باشلاپ قويدۇق. بىزگە كورەشچان، جانلىق تىنچلىق كېرەك. ھەقىقىي تىنچلىقنىڭ تۈپ كاپالىتى - ئازاتلىق، ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك. بىز «11 ماددىلىق بىتىم»گە ھەقىقىي ئەمەل قىلىمىز ۋە ئۇنى سەممىي ئىجرا قىلىمىز. ئەندىكى گەپ كىمدە؟ گەپ بىز بىلەن پۈتۈشكەن گومىنداڭ پىرقىسى تەرەپتە. ئۇلار 11 ماددىلىق بىتىمگە ھەقىقىي رىئايە قىلىپ، سەممىي ئەمەل قىلسىلا، بىزدىن ئەنسىرىمىسىمۇ بولىدۇ. ياشىسۇن ئىنقىلاپ...

مەيداندا ئالقىش، ھۇررا سادالىرى ياڭرىدى. كوپچىلىك «مۇبادا جاڭ ئەپەندى ۋەدىسىدىن يېنىۋالسا، قورالىق كورەشنى داۋاملاشتۇرىمىز»، «ماناس دەرياسىدىن بوسۇپ ئوتىمىز، مۇز داۋاندىن ئاشىمىز!» دەپ ئۈنلۈك شوئار توۋلاشتى. مەسئۇت رەئىس سەھنىسىدە كوزىنى چىڭ ژۇمۇۋېلىپ گاھىدا ياقىسىنى سىقىپ قويۇپ، بىرنېمىلەرنى پىچىرلاپ ئولتۇراتتى. جاڭ جىجۇڭ خەلقنىڭ كۈچلۈك غەزەپ ئوتى ۋە كورەش جاسارىتىدىن چوچۇپ، تاتىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئوزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشاتتى. باشقىلىرى تېخىمۇ ئالاقزادە بولۇپ كەتكەندى. ئۇلار مېھمانخانىغا تېزرەك بېرىۋېلىشقا ئالدىراشاتتى. ژىغىن يېپىلىپ، ئەخمەتجان ئەپەندى ۋەكىللەر ئومىگىدىكىلەرنى باشلاپ ماڭغاندا، خەلق ئاممىسى ئۇنى ئورىۋېلىپ، «ئەپەندى! بىز سىزگە ئىشىنىمىز، چىڭ تۇرۇڭ، دۈشمەن بىلەن مادار قىلماڭ. ئۇلار ۋەدىگە ۋاپا قىلمىسا، كەينىڭىزدە بىز تەييار!» دېيىشتى. ئەپەندى: «رەخمەت سىزلەرگە، رەخمەت!» دەتتى.

ئەتىسى ياقۇپباي ھاجىمنىڭ بېغىدا مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق كورۇلۇۋاتاتتى. مۇھاپىزەتچىلەر ئەتىرنى تاڭ سەھەردىلا باغدا ھازىر بولۇپ، قوغداشنى كۈچەيتىتى. بۇ كۈنى ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، لەرزان شامال گۈل ۋە مېۋىلەرنىڭ پۇراقلىرى دىماققا ئۇرۇپ تۇراتتى. بىر قانچە قازاندا پاخلان ۋە تاي گوشى قايناتتى. كاۋاپدانلار تاۋلىنىپ، تەييار تۇراتتى. نارىن، پېتىر مانتا، چۇشۇرە، پولۇ، ئوپكە - ھېسىپ ۋە خىلمۇ خىل قورۇملار تەييارلىنىۋاتاتتى. تۈلۈم - تۈلۈم قىمىزلار شاخلارغا ئېسىلغانىدى.

دەل سائەت 10 دا ۋەكىللەر ئومىگىدىكى مېھمانلار مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى ۋە غېنى باتۇر قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا باغ دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە دۇخوۋىي ئوركېستىر قارشى ئېلىش مۇزىكىسىنى ئورۇنلىدى. مېھمانلار ۋە رەھبەرلەر شەرقتىن غەرىپكە سوزۇلغان ئېگىز، ھەشەمەتلىك شىپاڭدىن ئورۇن ئالدى. ھەر قايسى نازارەت، جەمئىيەت ئەرباپلىرى، خەلق قەھرىمانلىرىدىن غېنى باتۇر، پاتىخ باتۇر، ئوسمان، ئورۇم، بايچۇرىن باتۇرلارمۇ زىياپەت شىرەسىدىن ئورۇن ئالدى. زىكرى ئەلپەتتا، روزبكام، زوردۇن قاتارلىق ئەلنەغمىچىلەر شىپاڭنىڭ جەنۇبىدىكى چىمەنزارلىققا چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ياڭرىتىشقا باشلىدى. رەھمۇتۇللاغا ئوخشاش خەلق قىزىقچىلىرى ھەر خىل كومېدىيەلىك نومۇرلارنى ئورۇنلىدى، قەدەھمۇ ئايلىنىشقا باشلىدى. جاڭ جىجۇڭ پاتىخ، غېنى باتۇرلارغا كوز ئۈزمەي قاراپ ئولتۇراتتى. غېنى باتۇر پولكوۋنىكنىڭ زاكىچىن بىلەن قىمىز تۇتۇشۇپ، تونۇشۇپ قالغانىدى. مەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىغى ئەمەتۇللا بىلەن بىللە شىپاڭنىڭ تۈۋەن تەرىپىگە قويۇلغان دۈگىلەك جوزىدا ئولتۇرۇپ، مۇھاپىزەت قىلىش، كوزىتىش، خاتىرە قالدۇرۇش ئىشىغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتاتتىم. ئەخمەت ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ، قەدەھنى ئېگىز كوتۇرۇپ شۇنداق دېدى:

- ئەپەندىلەر، جانابلار! ۋەدىگە ۋاپا قىلىش مەرتىنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. قوسىغى كەڭ ئادەم ھەممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېگە بولالايدۇ، زىيان تارتىش، قۇربان بېرىشتىن قورقمايدۇ. پۇخرالاردىن ئەپۇ سوراشقا جۈرئەت قىلغان پادىشاھ ئەلنىڭ ھىمايىسىگە ئېگە بولىدۇ. سورۇنىمىزغا جەم بولغان ھەر بىر كىشى ئوزىنىڭ ھەققىي مەرتلىكى ۋە سەممىي ساداقىتىنى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەمەلىي ھەرىكىتىدە كورسەتمىكى لازىم.

ئۇ ھەممەيلەننى قەدەھكە تەكلىپ قىلدى. جاڭ جىجۇڭ ئەخمەتجانغا قاراپ كىنايىلىك كۈلۈمسىرەپ، باش لىڭشىتىپ قويۇپ، قەدەھتىكى شاراپنى ژۇتتۇۋېتىپ، جىم ئولتۇرۇۋالدى.

باغ سەيلىسى باشلاندى. ھەر كىم كوڭلى تارتقان كىشىلەر بىلەن توپ - توپ بولۇپ باغ ئىچىگە تارقىلىپ كەتتى. جاڭ جىجۇڭ ھەمرالىرى بىلەن شىپاڭدا قالدى.

پولكوۋنىك زۇنۇن تېيىپ، پولكوۋنىك غېنى باتۇر، پولكوۋنىك بايچۇرىنلار باغنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى دوخمۇشتا ئەپەندىلەرنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئەخمەتجان بىر نەچچە ئەرباپ بىلەن يېتىپ كېلىپ، زۇنۇن تېيىپنى يېنىغا چاقىرىۋېلىپ:

- قاراڭ، ئاتاغلىق پولكوۋنىك زاكىچىن ئەپەندى كېلىۋاتىدۇ. مىللىي ئارمىيەمىز ئىچىدە ئۇنىڭ پولكوۋنىك ئابلاخان، پودپولكوۋنىك يۈسۈپوۋ مۇھەممەتجان، ئويۇلقاسىم ۋە پولكوۋنىك سوپاخۇن قاتارلىق ساۋاقداشلىرى بارغۇ. باغ سەيلىسى قىلغاچ ئۇنىڭ بىلەن بىردەم - يېرىم دەم مۇڭداشمامسىلەر، - دەپ قويۇپ ئوتۈپ كەتتى.

- بۇرادەرلەر پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، زاكىچىننى ئىلىدا قېلىشقا كوندۇرمەمدۇق، - دېدى بايچۇرىن.

شۇ ئارىدا زاكىچىن كېلىپ قالدى. ئۇ ھەممەيلەن بىلەن قول ئېلىشىپ كورۇشتى. كوپچىلىك ئۇنى ئارىغا ئېلىپ، مۇڭداشقاچ باغنىڭ چېتىدىكى ئېرىق بويىغا كەتتى.

- ھورمەتلىك پولكوۋنىك! - دېدى زۇنۇن تېيىپ، - سىز قازاق خەلقىنىڭ ئىچىدىن چىققان جاسارەتلىك، تالانتلىق سەركەردە. بىز سىزدەك مول ھەربىي بىلىمگە ئېگە قوماندانلارغا موھتاج. ئىككىلەنمەستىن خەلق تەرەپكە ئوتۇشىڭىزنى، بۇنداق تېپىلماس پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بىز بىلەن قىلىشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمەن.

زاكىچىن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ چوڭقۇر ئويغا چوككەندى. كوز چاناقلىرىدا ياش ئەگىتتى. بايچۇرىن گەپ قىستۇردى:

- قاراڭا ھورمەتلىك پولكوۋنىك! زەكە! ئەينى چاغدىكى ساۋاقداشلىرىڭىزدىن پولكوۋنىك ئابلاخان، پودپولكوۋنىك يۈسۈپوۋ مۇھەممەتجان قاتارلىق قانچە ئونلىغان كوماندىرلار ھەقىقەتكە قايتىپ، بىزگە قوشۇلۇپ، مەسئۇل ۋەزىپىلەرنى ئوتەۋاتىدۇ. ئەگەر سىز بىز تەرەپكە ئوتسىڭىز مىللىي ئارمىيەنىڭ مۇئاۋىن قوماندانلىرىدىن بولۇپ قالىسىز. بۇنىڭغا كاپالەت بېرىمىز.

زاكىچىن ئەگىپ تۇرغان ياشلىرىنى بىلىندۈرمەي سۈرتىۋالغاندىن كېيىن:

- قەدىرلىك ئاغىلار، ماڭا بەرگەن يۈكسەك باھارىڭلارغا رەخمەت. مېنىڭدە ئۇنداق ئارزۇ يوق دەپ ئېيتالمايمەن. مەن ئەلۋەتتە قازاق خەلقىنىڭ ئوغلى. ئاما، مېنى بۇ قېتىمدىلا بۇ يەردە قال دەپ زورلىماڭلار. قالىدىغان بولسام ئۇلار مېنىڭ پۈتۈن ئائىلەمنى قىرىپ تاشلايدۇ. كېيىن يەنە تالاي پۇرسەتلەر چىقىپ قالىدۇ، - دېدى.

- ئەمىسە بوپتۇ. سەن بىر ئامال قىلىپ بالا - چاقىلىرىڭنى ئېلىپ، غۇلجىغا قايتىپ كەل. قايتىپ كەلمىسەڭ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۈرۈمچىگە بېرىپ قالسام، ئوز قولۇم بىلەن سېنى ئېتىپ تاشلايمەن، - دەۋەتتى غېنى باتۇر.

كۈن ناماز دىگەر بولغان چاغدا زىياپەت مول نەتىجىلەر بىلەن ئاياقلاشتى. ئومەكتىكىلەر مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ھەمرالىقىدا قايتىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ۋەكىللەر ئومىگى كەڭسايى، سايراملاردا سەيلە قىلغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەتتى. زاكىچىن قايتىپ كەلمىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن ئۇنىڭغا ئولۇم جازاسى بېرىلدى.

مەسئۇتنىڭ ئوغۇللىرى ئەرتوغرۇل، ئىلدىرىملار بىلەن غۇلجىدا قېلىپ، ھەر تەرەپكە قاتراپ، پانتۇركىزمنى تەشۋىق قىلىپ بېقىپ، ھېچ كىمنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەي، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەتتى.

توختى ئىبراھىم.

(«تارىخ بېتىنى ۋاراقلىغاندا» كىتاۋىدىن ئېلىندى).

ئۇچمىسۇن ھېچ ھايات شامى ـ گۈلخانلىرىڭ!

ئەخمەت ھەسەن (شۇڭقار)

دىل خانلىرىم

بىر قانچە ژىل ئىناق ئۆتكەن ئىككى ئوقتاش
بولمىغانمىش بىر ـ بىرىسىگە ئەسلا بۆتناش.

چىن مېھرىدىن بىر تەھىيگە قويۇپتەك باش،
قىلمىغان شۇ ھۇزۇرخاندا بىرى كوز ياش.

بىرى تاھىر، بىرىسى زوخرا ـ جانۇ يولداش،
ئەجدات يولى بىلەن ماڭغان مايىل مۇڭداش.

*

دىل خانىدىن تىلەپ بىردەك دەرمىش ئوغۇل،
مېھرىبانلىق ئېكەم شۇئان قىلغان قوبۇل.

يەتتىي كۆتكەن ئارزۇيىغا كېلىن ـ ئوغلۇم،
ئاگاگداش بوپ ياندى ئوتلۇق ژۈرەك ـ تۇيغۇم.

ئىككى ئاتا كوڭلىدە چوڭ مەشرەپ ـ تويى،
تۇققانلىغى ئەرشى ـ ئالەم، گۈلخان ئويى.

*

مۇبارەكلەپ ئىككى ياشنى تۇتسام قەدەھ،
بىرنى ئىچسپ، ئۇ ھەم دېدى: قۇيسام قەدەھ.

ئىككى ئاتەش كوڭلىگە لىق تولدى شاتلىق،
جانلىدىن ئەزىز ئوغلانى بار ئەزىز تاتلىق.

تەلەي تىلەپ ئىككى قۇدا نەۋرىمىزگە،
ياپسۇن دېدۇق گۈل شامىنى قەۋرىمىزگە.

*

توي ئۈستىگە ـ توي شاتلىغى بۈگۈن بىزدە،
(كۆلۈك خەندان يارۇ ـ دوستلار، مېھمان سىزدە!)

«ئوغۇل!» دېدىڭ، ئوغۇل بولدى پەرزەنتلىرىم،
بىللە قېرىپ، ئىز بېسىڭلار ـ مەردانلىرىم.

ئەل ـ يۇرتۇمنىڭ ئەركىسى بول دىل خانلىرىم،
ئۇچمىسۇن ھېچ ھايات شامى ـ گۈلخانلىرىڭ.

ئىزتىراپلىق توي

ژۈرەك ـ باغرىم، قانۇ ـ نەسلىم سۈننەت توي،
ئاتا پەرزى، ھەر ئائىلە ئورتاق ئويى.

پەرزەنت ئۈچۈن چېچىلغان نۇر سويگۇ مېھرى،
كويۇملۈك جان ئوز ئاتاڭنىڭ سۆزۈك چېھرى.

«بالام!» دەتتىم، بالام كويدى بالىسىغا،
كويەرمۇ ئۇ بۇنچىلىك ئوز ئانىسىغا.

روھى ئۈستۈن، دىل باغرىدا يازۇ ـ باھار،
جانۇ ـ ۋەسلى بىلەن يۇرتقا ئىللىق باقار.

لەززان ئۇسۇل، ناخشا ـ سازنىڭ پەيزىنى سۈرىېقىن كورگەن ئادىمىگىدىن ئالساڭ جازا،
چىن ۋاپادار ئەھلىنى بۇ سورۇندا كور.

ئەل قاتارى تويۇڭدا تىك تۇرار ئەخمەت،
شۈكۈر ئاللا، بۇنىڭغىمۇ مىڭ بىر رەخمەت.

«دىلىم غەملىك، كوزۇم نەملىك»، پۈتتى سەۋرەمەيلى، كويۇپ، كۈل بوپ كېتەي ئېتىم ئۇچمەس،
بۇۋىسى يوق، تۇغۇلغانىمىش ئوغۇل نەۋرەم.

ئۇتتۇز ئوغۇل بار سىلەرگە مېنىڭ ئەرزىم،
ئېتماي دېسەم ئېتىپ بارار يەنە دەردىم.

سەن ئىشەنچىم، ئەي جانابى ئۇلۇق تەگرىم،
ھالىمغا يەت، ئاشتى چەكتىن تۈگەپ سەۋرىم.

لاچىن قۇشۇم ئۇچۇپ كەتتى مەندىن ژىراق،
ئوز ئائىلە، قېرىنداشقا ئاچچىق پىراق.

مەيلى، قۇشۇم بېرىپ قونسۇن يوق يېغىغا،
ئىشەنچىم بار ساۋاق بەردى كال تىلىڭغا.

ئىزگۇ جانلار ئەۋلادى بىز يۇرتتا داڭلىق،
ھەر مۇھىمدا ھەسسىمىز بار خېلى ئاڭلىق.

توغرا چۈشەن، ۋەتەندىشىم، ئوغۇل مېنىڭ،
چۈشەنمىسەڭ، نە ئىلاجىم، ئەبجەشىدىنىڭ.

شۇمۇ ئەقىل، ۋىجدانمۇ بۇ تىپىپ پۇرسەت،
ھېچ ئوكۈنمەي، مەن ۋەتەندە، قىپسەن سۈننەتنى قانچە بېسە بولىدىكەن ئەنجۈر خۇمار،
چېكىپ قويدى دىل خانەمگە ئۇچمەس تۇمار.

قاقمىغىن ھېچ مېنى چەتكە يېقىن قۇدا،
ئالىلىقنى ھەرگىز راۋا كورمەس خۇدا!

ئەركىنلىكى بار ئادەمدەك خىيالىمدا،
ژۈرگەن خوشال ئانا يۇرتۇم ـ دىيارىمدا.

تۇققانلىرىم باغرىغا باش قويۇپ ياتسام،
قانداق كېلەي، بۇ مىنۇتنى ئاران تاپسام.

ئوي تېلېفون ئاۋازى جىم قىلدى بىزنى،
ھەدەم دېدى: چاقىرىپتۇ، ئۇكام سىزنى.

«ئاللو..!» دېسەم بىر يېقىملىق ئاۋاز كەلدى،
تۇققانلىرىم مېھرىدىن بۇ بۆلەك ئەندى.

«دادا! مەنغۇ، مۇكەررەم قىز، سېغىندىم بەك،
سېغىندىم بەك، بەشكەتەك يېقىندىم بەك.

تۇققانلىرىڭ ساق ـ سالامەت، ئۇندانمىكەن؟
ھېچ خەۋەر يوق، دەپ يېگانە سەن غەم يېگەن.

قانداشلىرىم ـ ئەزىزلەرگە سالام دەپ قوي،
ھال سورىغان مۇكەررەم قىز ـ بالام، دەپ قوي.

قانداق قىيىن تۇققانلىرىڭ دىدارىغا،
قويۇپ بەرمەس، ئۇختۇرمىساڭ ئوز خانىغا.

توي ۋاختىمىز يېقىنلاشتى، تېز كەل، دادا،
سەن بولمىساڭ تويدا بولماس قۇۋناق سادا.

ئاتام بار دەي، توي بېشىدا تۇرۇپ بەرگىن،
بەش ـ ئالتە كۈن قالدى دادا، يېتىپ كەلگىن!».

بۇنى دېگەن قىزىم ياتلىق بولغان تەرەپ،
تىنىمانى پاك، ئۇلارغا يار شانۇ ـ شەرەپ.

ھەر ئىككىنىڭ سۈننەت تويى ـ ئوتەش پەرزى،
ئاتا داخىل بولۇش باشتا تولۇق قەرزى.

سىم يولىدا قىلىنغان بۇ قىسقا بىر كەپ،
ئېلىپ كەلدى ئوز ئويۇمگە مېنى ھايداپ.

چەكسىز مېنىڭ بۇ خەۋەردىن رىزالىغىم،
ۋۇجۇدۇمدا بولدى سەلكىن ئىللىق سېزىم.

لېكىن ئوغۇل ئويلىگەن ياق بۇنىڭ ئەكسى،
نەدە ئوسكەن، بىلسەم ئۇلەي، ھارام نەپسى.

ئوغۇل مېنىڭ كام ئەقىللىق ئوستى دەيلى،
سەن بىر ئاتا تورۇغلۇق زەپ دېدىڭ «مەيلى!»

بىر ئىككى كۈن ئوز ئاتاڭنى كۈتۈش كەپمۇ،
دەپ قويۇشقا يوقمۇ سەندە بىرەر ئەپمۇ؟!

ئادىمىگىدىن ئالساڭ جازا،
ئۇ دۇنيالىق دوزىغىڭ ھەم بالا ـ قازا.

نېمە كويسە ئوچىغىمدا ـ ئىسى مېنىڭ،
بالام كەسسە پولات ـ كاڭنى بىسى مېنىڭ.

قەلبى ئاتەش، كەڭ قوساقلىق ئەل ئوغلىمەن،
ھەقىقەتكە دىلى شەيدا ئوت ـ چوغلىمەن.

خۇش كەپسلەر، كوڭلۇم يېقىن ئىزگۇ ـ جانلار،
شاتلىغىمدىن تومۇرۇمدا تۇغيان ـ قانلار.

سازىڭنى چال! قىزىپ كەتسۇن توي بەزمىسى،
قول كوكسىدە، ئاسانۇلار تەل ھەممىسى.

بىزنىڭ ئەنجۈر

ئاتۇشنىڭ ئەلگە ئايان ئەنجۈر بېغى،
باغۋەنلىرى مېھمان خۇمار، قەلبى سېخى.

بىر زىيارەت قىلىش ئىستەك ياندى دىلدا،
بۇ ئۈمۈتكە يەتتىم، ئاخىر، موشۇ ژىلدا.

بىر قېرىنداش باغرىم بىلەن چىقتىم خوشال،
ئېلىپ كەلدى ئىزگۇ ئارزۇ، ئوتلۇق خىيال.

«كاچاتلاپ يە!» دەيدىكەن بىر رىۋايەتتە،
تۇققان ئىمىش بەزى بىرلەر زىيارەتتە.

ئەنجۈر ئۈزۈپ، يەي دېگەندە «كاچات»ئەستە،
(سېرىق مايدەك ئېرىپ تۇرسا، تۇرۇش تەستە!)

شۇنداقتىمۇ بىلەي دېدىم خاس باغۋەندىن،
ئۇققۇم كېلىپ، راست ـ يالغىنىمۇ جانۇ ـ تەندىن.

ـ سىزچە، قانداق، باغۋەن ئاكا، ئۈزۈپ يېسەك؟
ئەشۇ بىر كەپ تۇر كوڭۈلدە ئۇرماي دېسەك.

«ئەنجۈر ئېلىپ، بىر ئىككى ئۇرا!» دېگەن ئوگمۇ؟
يا بەرگىدىن ئۈزۈپ خوشال يېگەن ئوگمۇ؟

كۆتمىگەندەك كال سوئالنى ئۇمۇ مەندىن ـ
سوراپ قالدى، زادى ئۇكام، ئوزەڭ نەدىن؟

جاۋاپ بەردىم: ئېلىم قەشقەر، مۇشۇ يەرلىك،
خاپا بولماڭ، قىلسام ئاكا، سىزنى تەگلىك.

ـ «ئاڭلا، ئۇكام، جاۋابىمنى، ـ دېدى باغۋەن،
خام ـ ئويۇمنى يېشىپ بەردى بوپ رازىمەن.

«ئالەمدە ئەڭ ئەتىۋارلىق ئەنجۈر دېگەن،
ۋەتەنىنىڭ بار پۇخرالىرى ئاندىن يېگەن.

ئەنجۈر يېمەي ئوتكەن كىشى ئېغىز تەگسە،
سەن ئوزەڭنى ئاتۇشتا بىر كورەي دەيسە.

يەنە يېسەڭ، يەنە دەيسەن، ئەنجۈر پۇراپ،
باغلار ئارا ژۈرگۈڭ كېلۇر ئەنجۈر سوراپ.

كاچاتلاش بۇ، ھاقارەتنىڭ ئەينەن ئوزى،
ئۈزگەن پېتى يېسەڭ، زادى، بال ـ قەن ئوزى».

ـ ئېتقانلىرى قانائەتلىك، باغۋەن ئاكا،
مەنمۇ شۇنداق ئويلىغانتىم، ئۇرغان خاتا!..

*

ئاتۇشتا كوچ تاپارمىش بۇ ئەنجۈر تېلى،
يەرۇ ـ ئاسمان، تاغ ـ سۇلىرى ئۇمىڭ ئېلى.

باغۋەنلىرى ئىجتىھاتلىق ھەر بىر ژىلى،
باشقا يۇرتتىن ئېسىل بولغاچ ئەنجۈر خېلى.

بازاردا مىڭ باققال ئەينە ئەنجۈر ساتار،
ئاتۇش دېسە، خېرىدار ئوت، سېتىپ ئالار.

قول كوكسىدە، باققا كىرسەڭ ئۆتۈش كوزلەر،
سېنى كۈتمىش ساھىپ باغۋەن ئىللىق سوزلەر.

ئايلانما قىپ سىلىنغان گۈل ئايۋان ـ ساراي،
بىزدەك خۇمار بولۇپ ھەر كۈن كەلگەن تالاي.

ئۈندىن ئۈتسەڭ، تال ـ باراڭلىق دەم ئېلىش جاي،
زىلچە ـ كىلەم ئۈستىدە ئىچىڭ سىن چاي.

نېمە خالا، شۇنى يەيسىز كوڭۈلگە ماس،
كوز جىلۋىسى، ھۇرلەر بېغى ئاتۇشقا خاس.

پۈتتۈن ئىقلىم ئىخلاس قويغان ئاتۇش دېسە،
«مەيلى ئېدى كېلىپ بىزدىن ئەنجۈر يېسە.

يېسە پۈتمەس، ئەنجۈر پىدەر باغ قولۇمدا،
خۇش كەيپىيات نەيۇ ـ راۋاپ ساز قولۇمدا.

گۈل ـ چىمەنلىك، يول بويلىرى خاقانلىق جاي،
ئۇيغۇر ھىدى سىڭگەن ھاۋا ـ ئاھاڭلىق جاي.

*

بەزى بىر خارجى ئەللىك قىزىققانىمىش،
كوچەتلەرنى يوتكەش ئويى ئېزىتقانىمىش.

ئاڭلىشىمچە، پۇلدار خىتاي ـ غەيرى «باغۋەن»،
ئەجدادىدىن تا ھازىرغا ئۇلار مەن ـ مەن.

«ياقا يۇرتقا ئۇزمەيدۇ بۇ ئەنجۈر كوچەت»، ـ
دەپ يېزىلغان ئۇرسا تارىخ، ئۇمەن ھوججەت.

كوڭلىگە قەست ئېگى سىڭگەن كالمۇش خىتاي،
دەپتۇ، ئاخىر: بۇ دەردىمنى كىمگە ئېتاي!..

ئانارىم بار

ئادەم بويى ئېگىزلىكتە ئانار غولى،
يېتەر ھەتتا كىچىكلەرنىڭ سوزسا قولى،

خۇددى گۈلخان مەيدانى بۇ ئانار بېغى،
سويۈنىشىدىن ئاقتى سىرغىپ كوزنىڭ يېغى.

كەچكى شەپەق ـ نۇر يامغۇرى باغ جىلۋىسى،
ئىچكىرلىسەڭ، كوزۈڭ يەتمەس تاغ جىلغىسى.

سۆيگۈ ـ مېھرى تەگدى ئاستا لەۋ ـ لېۋىمگە،
ئوت ـ ھارارەت بوپ تۆپۈلدى تەن ـ تېنىمگە.



ئانارلىق باغ ـ دىيارىمنىڭ گۈل چىرايى،
گۈل چىرايى، جان رىشتىسى، ئەزىبىرايى.

يا، پىرىمەي، مېۋە كانى ـ بىزنىڭ ۋەتەن،
پەرۋىش ئېتەر باغۋەنلىرى بەستىلىك بەدەن.

سىياقى مۇر، مەجنۇن تالدەك ئانار شېخى،
يوپۇرماقتىن مېۋىسى مول قانداق سېخى.

ئانار يېسەڭ، جانغا ئارام، زەمزەم سۈيى،
قەلبى جوشقۇن شائىرلارنىڭ ئىلھام كۆيى.

ئانارلىق باغ قوينىدا مەن، شۇنچە ھەيران،
پاھ، شەرۋەتى جانغا ھوزۇر شاھى دەۋران.

ئېھ، ئانارىم، تورت تىلىمگە يېرىلساڭ سەن،
تويماس ژۈرەك باغرىمغا چىڭ تىگىلىدىڭ سەن.

ھېچ سەۋەپسىز ئەل، يۇرت ساڭا قىزىقارمۇ؟
تۇمەن ژۈرەك جەم بولغاندەك دىل ئىزھارمۇ.

قولۇمدا قوش ئانارىم بار ـ رەسىمدە مەن،
چىمەنگۈلدەك قىزىم بىلەن ئەرشىمدە مەن.

شۇ ئاناردىن ئۈتتى يوللۇق بەشكىرەملىك،
ئىستىداتلىق شائىر ئوزى ياش قەلەملىك.

يالغۇز ياغاچ

بىر تۇپ دەرەق شۇنچە كوركەم، لېكىن تەنھا،
قويغانىمكىن شۇ ھالغا سېپ تېجەمەل ئەرۋا.

چىرايىڭ سۇس، تۇرۇپسەن تىك يەنە مەغرۇر،
يالغۇز دەرەق دەپ ئۇرسىمۇ قۇيۇن ئازغۇر

تۇرۇغلۇق سەن يەر ئېگىسى، ياردىن جۇدا،
مىسكىن قىلغان خەن خوجامنى ئاھىڭ ئۇرار.

ئاتا نەسلىم قېنى تامغان زېمىن سېنىڭ،
ئورمانىڭ يوق ئوزگىلەردەك ئاجىز جېنىڭ.

بوران ـ چاپقۇن ئارام بەرمەي ئۇرسا ھەر يان،
چىقمايدۇ، ئاھ، دەردىڭگە دال بولار بىر جان.

سېنى قوغداپ، قانات يايار ئاتاڭ يا يوق،
«بالام!»دەپ يا قويۇن ئاچار ئاناڭ ھەم يوق.

ماڭا ئوخشاش ژىتىم قاپسەن يالغۇز ياغاچ،
ئاھ، ژىتىملىق داغىدىن بۇ كوڭۈل ئاراچ.

ئوزدەك غەمكىن، تۇرار جايىڭ بۇك ـ باراخان،
سايىۋەنلىك ئەتراپىڭغا بەك ياراشقان.

قانچە كەلدىم، باقسام ساڭا يەنە تەنھا،
قالالمايمەن جان ھەمرىيىڭ بولۇپ مەن يا.

بىز ئۈچۈنلا جاھالەت بۇ تەگسىز دۇنيا،
شاتلىغى يوق بىر مىنۇتلۇق تۈنۈ ـ كۈن يا.

جۇدالىقتىن شۇگۇپ چىقسپ، ئەركىن ياشاش،
شامىنى ياق، ئىزدەپ يېقىن دوستۇ ـ قاياش.

يىلتىزىڭدىن چىقارغىن غول، تالىم، ياغاچ،
داۋ ـ دەرەخلىق تۇمەن نىھال باغرىم ياغاچ.

شۇ چاغدا مەن بىر كېرىلىپ ژۈرەي ھەر يان،
ھۇرلۇك بىلەن ئورمان ـ بېغىم تۇرسا مەردان.

ئوتەر يولۇم ۋەتەندە بۇ يالغۇز ياغاچ،
بولسا ئىمكان، بولماقچىمەن ئاڭا تاياچ.

ئەي، ئادەملەر، ژىتىمغا قىل چىن ئەقىدە،
بولماسىمۇ خۇدا رازى سەن ھەجىدە.

يالغۇز ياغاچ، ئوقىيلىتىزىڭ ئاتا يەردە،
كەلگۈندىلەر قىلالماس ھېچ ساڭا زەردە.

مۇڭلانماستىن ئەركىن ياشا باراخانىم،
ئەلگە قىياس مەغرۇرلۇغۇڭ خاس چىنارىم!

ياڭاق

ياڭاقلارنىڭ ئىچىدە بار داڭلىق ياڭاق،
ئۆزگىدە كام ئۇچرايدىغان دانلىق ياڭاق.

بەرگەچ ئانا يۇرتۇم مېنىڭ نادىر ياڭاق،
تىلغا لەززەت، جان بېرىشكە قادىر ياڭاق.

قاغىلىقتىن چىقار چەتكە بۇ خىل ياڭاق،
مېنىڭمۇ جان سويەر سوغام ھەر ژىل ياڭاق.

يېرى مۇنبەت، چىلان تۇپراق، بايى قارغىلىق،
رازى سەندىن، ئۈستۈن ئارتۇش ھەم ئاغىلىق.

*

ئەجداتىمىز ئەلمىساقتىن ـ ئوتكەن چاغلار،
بەرپا قىلغان كاڭ ياڭاقلىق يېگى باغلار.

مايلىق ياڭاق، ئۇيۇل قىيام، كۈچلۈك تائام،
تەنگە قۇۋەت، شامۇ ـ سەھەر خوشلۇق تائام.

مېۋە شاھى دەپ ئاتايمۇ سېنى ياڭاق،
سۆيۈندى تەڭ چوڭ كىچىكنىڭ جېنى ياڭاق.

نەدە ئوسكەن ياڭاق دەيدۇ بىرسى مەندىن،
ئېلىپ كەلدىم، دېدىم دەرھال ـ ئوز ۋەتەندىن.

چىكرادا ھەم بىر توپ خىتاي بولدى ھەيران،
«نەدىن ئالدىڭ؟» دېدى كايىپ، دىلى ۋەيران.

مۇنداق ياڭاق قارغىلىق ھەم قەشقەردە بار،
يازۇ ـ قىشى ئەجىر قىلغان مەرت ئۇيغۇردا بار.

ياڭاقتىن مول ھوسۇل ئالغان بايى قارغىلىق،
ساڭا مەنسۇپ باغۋەن دېگەن نام قارغىلىق.

«يېڭى ھايات»

2003

بۈيۈك ئۇيغۇر شائىرى ئەلشىر نەۋائىي

نىزامىددىن ئەلشىر نەۋائىي 1441 ـ يىلى 9 ـ فېۋرالدا شاھرۇخ مىرزىغا بولۇپ بېرىلگەن خۇراسانىنىڭ پايتەختى ھىرات شەھىرىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ ئاتىسى غىياسىددىن كىچىك باخشى دېگەن كىشى ئىدى. مەشھۇر تارىخچى مىرزا ھەيدەر كىتاۋىنىڭ 2 ـ قىسمىدا بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇنىڭ ئەسلى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسىنى كىچىكىنە باخشى دەپ ئاتىشاتتى. ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئىدى». روشەنكى، ئەلشىر نەۋائىي چىڭگىزخان ئىستېلاسىدا ۋەيران قىلىنغان، بىر قانچە ئون ئائىلە كىشىلىرى چولگە قېچىپ ئامان قالغانلىقىدىن باشقا پۈتۈنلەي قايتا بىنا قىلىنغان يېڭى ھىرات شەھىرىگە كوچۇپ كەلگەن ئۇيغۇر خەتتات ـ باخشى زىيالىيلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن ئىدى. (ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىننىڭ «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ناملىق كىتاۋىدىن.)

ئەلشىر نەۋائىينىڭ ھېكمەتلىك سوزلىرى

* ئەگەر سەن ئادەم بولىدىغان بولساڭ، خەلقنىڭ غېمىنى يېمىگەن كىشلەرنى ئادەم دەپ ھېساپلىما.
* ئاق كوڭۇل، پاك بولغانلار ئادەمنىڭ ياخشىراغىدۇر، ھەقنى سوزلەشتىن قورقمايدىغان، ئوزى پاك ۋە كوزى پاك كىشلەرلا «ئىنسان» دېگەن نامغا لايىقتۇر.
* كىمنىڭ ئادەت ـ خۇلقى يامان بولىدىكەن، ئۇنىڭدىن خەلق قاچىدۇ، ئۇ پەس تەبىئەتلىكىدە، خارلىقتا كامال تاپقان بولىدۇ، ئادىمىيلىكتىن زاۋال تاپقان بولىدۇ.
* كوپ ئاڭلاش مەتلۇپ (يېقىملىق)دۇر. بېرىلىپ ئاڭلىسا خەلق يېپىشىدۇ، تولا سوزلىسە خەلق قېچىشىدۇ، كوپ سوزلىگەن كوپ يېڭىلىدۇ، كوپ يېگەن كوپ ژىقىلىدۇ، كېسەلنىڭ ئانىسى كوپ يېمەكتۇر، قەلب كېسەلىنىڭ ماددىسى كوپ دېمەكتۇر، كوپ دېمەك ـ سوزگە مەغرۇرلۇق، كوپ يېمەك ـ نەپسگە مەمۇرلۇق (قىلىقسىزلىق)، بۇ سۇپەتلەر ئادەمگە لايىق بولمىغان سۇپەتلەردۇر.
* ئەلگە قوشۇلغان ئارايىش تاپتى، ئەلدىن ئايرىلغان ئاسايىش تاپتى.
* ئالتۇن قەپەز قىزىل گۇللەر بىلەن بېزەپ قويۇلغان بولسىمۇ، بۇلبۇلغا تىكەنچىلىك ماكان بولالمايدۇ.
* رەنجى غۇربەتنى ھەۋەس قىلمىساڭ، ۋەتەننى بىر نەپەسمۇ تەرك ئەيلىمە.
* ئىلمسىز مىللەت نادان قالىدۇ، ئىلىمگە تىرىشقان مىللەتتىن دۇنياۋى ئالىملار يېتىشىپ چىقىدۇ.
* مۇبادا ئويلانماستىن قوپال ھوكۇم قىلىنسا، بىر ئاجىز ئۇ ھوكۇم بىلەن كۇچلۇك بولۇپ كېتىدۇ ياكى بىر كۇچلۇك ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ.
* پاسىقتىن ھايا تىلىمە، زالىمدىن ۋاپا تىلىمە.
* ئوڭاي قولغا كەلگەن مال ئۇزاق تۇرمايدۇ، پۇشايمان قىلىش بىلەن باھاسى ئاشمايدۇ.
* ئوزەڭنىڭ مېھنىتى بىلەن كەلگەن بىر تىيىن، باشقىلار بەرگەن خەزىنىدىن ئەلا.
* ئالىم ئەگەر مەنسەپ ئۇچۇن ئوزىنى خار قىلىدىغان بولسا، ئۇزىنىڭ بىلىمى نادانلىقنىڭ دەلىلىدۇر.
* مىننەتلىك ئاشتىن تىچ كوڭۇل بىلەن ئىچكەن ئوماچ ياخشىراق.
* ياخشىلىق بىلەن نام قالدۇرۇشنىڭ ئوزى مۇكاپاتتۇر.

يانۋار

دۇشەنبە		6	13	20	27
سېشەنبە		7	14	21	28
چارشەنبە	1	8	15	22	29
پەيشەنبە	2	9	16	23	30
جۈمە	3	10	17	24	31
شەنبە	4	11	18	25	
يەكشەنبە	5	12	19	26	

فېۋرال

دۇشەنبە		3	10	17	24
سېشەنبە		4	11	18	25
چارشەنبە		5	12	19	26
پەيشەنبە		6	13	20	27
جۈمە		7	14	21	28
شەنبە	1	8	15	22	
يەكشەنبە	2	9	16	23	

مارت

دۇشەنبە		3	10	17	24	31
سېشەنبە		4	11	18	25	
چارشەنبە		5	12	19	26	
پەيشەنبە		6	13	20	27	
جۈمە		7	14	21	28	
شەنبە	1	8	15	22	29	
يەكشەنبە	2	9	16	23	30	

ئاپرېل

دۇشەنبە		7	14	21	28
سېشەنبە	1	8	15	22	29
چارشەنبە	2	9	16	23	30
پەيشەنبە	3	10	17	24	
جۈمە	4	11	18	25	
شەنبە	5	12	19	26	
يەكشەنبە	6	13	20	27	

ماي

دۇشەنبە		5	12	19	26
سېشەنبە		6	13	20	27
چارشەنبە		7	14	21	28
پەيشەنبە	1	8	15	22	29
جۈمە	2	9	16	23	30
شەنبە	3	10	17	24	31
يەكشەنبە	4	11	18	25	

ئىيۇن

دۇشەنبە		2	9	16	23	30
سېشەنبە		3	10	17	24	
چارشەنبە		4	11	18	25	
پەيشەنبە		5	12	19	26	
جۈمە		6	13	20	27	
شەنبە		7	14	21	28	
يەكشەنبە	1	8	15	22	29	

ئىيۇل

دۇشەنبە		7	14	21	28
سېشەنبە	1	8	15	22	29
چارشەنبە	2	9	16	23	30
پەيشەنبە	3	10	17	24	31
جۈمە	4	11	18	25	
شەنبە	5	12	19	26	
يەكشەنبە	6	13	20	27	

ئاۋغۇست

دۇشەنبە		4	11	18	25
سېشەنبە		5	12	19	26
چارشەنبە		6	13	20	27
پەيشەنبە		7	14	21	28
جۈمە	1	8	15	22	29
شەنبە	2	9	16	23	30
يەكشەنبە	3	10	17	24	31

سېنتەبىر

دۇشەنبە	1	8	15	22	29
سېشەنبە	2	9	16	23	30
چارشەنبە	3	10	17	24	
پەيشەنبە	4	11	18	25	
جۈمە	5	12	19	26	
شەنبە	6	13	20	27	
يەكشەنبە	7	14	21	28	

ئوكتەبىر

دۇشەنبە		6	13	20	27
سېشەنبە		7	14	21	28
چارشەنبە	1	8	15	22	29
پەيشەنبە	2	9	16	23	30
جۈمە	3	10	17	24	31
شەنبە	4	11	18	25	
يەكشەنبە	5	12	19	26	

نويابىر

دۇشەنبە		3	10	17	24
سېشەنبە		4	11	18	25
چارشەنبە		5	12	19	26
پەيشەنبە		6	13	20	27
جۈمە		7	14	21	28
شەنبە	1	8	15	22	29
يەكشەنبە	2	9	16	23	30

دېكابىر

دۇشەنبە	1	8	15	22	29
سېشەنبە	2	9	16	23	30
چارشەنبە	3	10	17	24	31
پەيشەنبە	4	11	18	25	
جۈمە	5	12	19	26	
شەنبە	6	13	20	27	
يەكشەنبە	7	14	21	28	

يىلى

گېزىتنىڭ كالېندارى

ئاددىيلىقتا – بۈيۈكلۈك، پروزىدا – پوئېزىيە مۇجەسسەم

ھەر قانداق ئىنسان ھايات يولىدا ئۆز بېشىدىن ساقىت قىلغان ئايرىم تەسەۋۋۇرلار بىلەن ھايات خاتىرىلىرىنى سوز سەنئىتى، ۋاستىسى ئارقىلىق دەل، ئۆز ئەينىدە بايان قىلىشقا كۈچ سالىدۇ. ئاما بۇ ھەممىنىڭقولىدىن كېلىدىغان ئاسان ئىش ئەمەس. مۇھىمى، ھايات ۋاقەلىرىنىڭ ئەينى ئۆزىنى دەل تەسۋىرلەش – بەدىي ئەسەر ئۈچۈن ھاياتلىق پەقەت خام ئەشيا ۋەزىپىسىنىلا ئاتقۇرىدۇ.

دەرھەقىقەت، ئىجاتكارنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى – ئەقىل – ئىدرەك، پەم – پاراسەت ۋە ئوي – خىيالىنى ئەسەر كىرداۋىدا مەككەم چىرماۋالىدىغان ماۋزۇ ئىجاتكارنى ئازاپلايدۇ.

بۈگۈنكى ئاتاقلىق ئەدىپلىرىمىزدىن بىرى ساۋۇتجان مەمەتقۇلوۋنىڭ يېقىندا نەشىر قىلىنغان «مەن ئىشەنگەن تاغلىرىم» توپلىمىدىن ئورۇن ئالغان نەزمىي ۋە نەسرىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغىنىمدا، مانا موشۇ ئويلارنى باشتىن ساقىت قىلدىم.

س. مەمەتقۇلوۋنىڭ ئىجادىنى ھېچ قاچان، ھېچ كىمنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن چاتاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. مېنىڭ پەملىشىمچە، س. مەمەتقۇلوۋ ئىجادى، بولۇپمۇ ئەدىپنىڭ پوئېزىيەسى كىشىنىڭ ئوي – پىكرىنى ۋە تەپەككۇر سېزىمىنى ئويغىتىپلا قالماي، بەلكى ئۇنى ئىمكان قەدەر سەگىتكەن ھالدا، ساغلاملاشتۇرۇش كۈچىگە ئېگە. ئۇنىڭ لىرىكىسى ھاياتنىڭ بېقىياس رەڭمۇ – رەڭ گوزەللىكىنى كورۇپ، ئۇنىڭدىن چەكسىز تەسىرلەنگەن ھالدا بەھرىلىنىشكە ئۈگىتىدۇ.

ئىزاھلىق لۇغەتلەردە «پوئېزىيە» ئاتالغۇسىنىڭ ئاساسىي ئىككى خىل مەنىسىدىن تاشقىرى، «بىرەر نەرسىنىڭ ئىنسان قەلبىدە گوزەللىك ۋە نەپىس، نازۇك سېزىملەرنى ئويغىتىش، كىشىنى ئەركىسىز مەپتۇن قىلغان ھالدا، ھەيرەت ئىچرە تاڭقالدۇرۇش قۇدرىتىگە ئىگە غايىۋانە كۈچ» دېگەن ئۇچىنچى مەنىسىنىڭ بارلىغى تەكىتلىنىدۇ. موشۇ نۇقتىدىن ياندىشىنىمىزدا، ساۋۇتجاننىڭ نەسرىي ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان ئىنسان: «ھە، پروزا ئەسەرلىرىدىمۇ پوئېزىيە مەۋجۇت دېگەن سوزلەر بىكار ئەمەس ئىكەندە»، – دەپ ئېيتىشى سوزسىز. بۇ ئەدىپنىڭ چوڭ – كىچىك ئەسەرلىرىگە دېگەن ھەق باھا. ھەقىقەتەنمۇ، ئەدىپ قەلىمىگە مەنسۇپ پروزا ئەسەرلەرنى ئوقۇغىنىمىزدا، دىلىمىزدا ئالاھىدە ئېزگۇ ئىنسانىي خىسلەت، قانداقتۇ بىر چوڭقۇر مەنىۋي قانائەت، ئەدىپكە دېگەن سەمىمىي ۋە ئەستايىدىل ھورمەت سېزىمى پەيدا بولىدۇ.

شائىرلىق تۇغما تالانتقا ئېگە س. مەمەتقۇلوۋنىڭ نەسرىي ئەسەرلىرىدە پۈبلىتسىستىكىلىق روھ، ھوججەتلىك نەسىر، فىلوسوفىيەلىك ئوي مۇلاھىزىلەر، لىرىكىلىق ئوي – خىياللار، رېال ھايات – ۋاقەلىك فاكتىلىرى، ھادىسىلەر ئۆزئارا ئويغۇنلۇقتا، بىر پۈتۈن ھالدا ئۆز ئەكسىنى تاپقان. شۇنداق بولغان ھالدىمۇ، بۇ فاكتىلار ئەدىپنىڭ ئەدەبىي جەرياندىكى ئالغان تەسىراتلىرى ئەمەس. ئويلايمەنكى، ئەدىپنىڭ بۇ خىل ئەدەبىي ئۇسۇل – ئۇسلۇبلىرى ئۇنىڭ كوپ ژىللىق ئىجادىي تەجرىبىسى، ھاياتنى قەدەممۇ – قەدەم سىنچىلاپ كۆزىتىشلىرىنىڭ ئەلەككىلىك ئۇچقۇنلىرى، ئۇزۇندىن بۇيان كوڭلىگە پۈككەن تەپەككۇر بايلىقى، ئۇلارنى مەلۇم بىر تەرتىپكە سېلىپ، مۇئەييەن سىستېمىغا چۈشەرگەن قەتئىي مەۋقەسىدۇر.

ئەدىپنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلاتلارغا ئەجداتلاردىن مىراس قالغان ئەقلانە ئىبارىلەردىن ئورۇنلۇق پايدىلانغان ھالدا، شەخسەن ئوزى ئىجات قىلغان قاناتلىق، ئىبرەتلىك سوز – ئىبارىلەردىن كەڭ دائىرىدە پايدىلانغانلىغىمۇ ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر.

س. مەمەتقۇلوۋنىڭ سوز بولۇۋاتقان توپلىمىدىن ئورۇن ئالغان نەزمىي ۋە نەسرىي ئەسەرلەر توغرىسىدا سوز قىلغىنىمىزدا، ئالاھىدە تەكىتلەپ ئوتۇش كېرەككى، ئەدىپ ئادەتتە بىز كۆندىلىك ھاياتىمىزدا ئانچە ئېتىۋار قىلمايدىغان، قانداقتۇ كوررۇمسىز، ئەرزىمەس نەرسىدەك تۇيۇلىدىغان ھاياتىي فاكت ۋە مەسىلىلەرنى ئىجتىمائىي – فىلوسوفىيەلىك پىكىر ئەلگىكىدىن ئوتكۈزۈش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىنى دەۋىر نۇقتەئىي ئەزىرىدىن يۈكسەك دەرىجىدە پىكىر قىلىشقا ئاكتىۋ دەۋەت قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەدىپ پىكىر – مۇلاھىزىلىرىنىڭ ھاياتلىغى، بىز تامامەن كۆزتىمگەن قىر – سىرلىرىنى ئېچىپ بېرىشى بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە بىردىن جەلىپ قىلىدۇ. دەرھەقىقەت، بىر قارىماققا ھاياتتا دۇچ كېلىدىغان «ئەرزىمەس» نەرسىنى «ئەرزىيدىغان» مۇھىم ماتېرىيالغا ئايلاندۇرۇش، ئوقۇرمەن دىققىتىنى ئەينە شۇ نەرسىگە جەلىپ قىلىش – ئەدىپنىڭ فىلوسوفىيەلىك ئوي – تەپەككۇر قىلىشقا قابىل ئېستېتىكىلىق تالغام كۈچىگە، تالانتىغا باغلىق. بەختكە يارىشا، بۇ جەھەتتىمۇ س. مەمەتقۇلوۋ ئوز دەرىجىسىدىكى تالانتلىق ئەدىپتۇر.

دەۋىر تەقەززاسىغا بولا، ھەر قانداق ھەقىقىي ئىجادىيەت ئەھلىگە ئوخشاش تالانتلىق شائىر ساۋۇتجاننىڭ ھايات يولى بىر خىل تۈز ۋە ئاسان ئوتۇۋاتقىنى يوق. شۇندىمۇ ئۇ تەغدىر، قىسمەت ئۇنىڭغا بېغىشلىغان سىناقلاردىن سۇرۇنمەي ئوتكەن ھالدا، ھەممە سىناقلاردىن ئۇتۇقلۇق ئوتۇپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ھەر كىم ئوزىچە باھالىشى مۇمكىن. ئاما ئەدىپنىڭ ئوزى ھەممىگە بىر خىل چۈشىنىشلىكتۇر. چۈنكى ئۇ ئوزىنىڭ پۈتكۈل قابىلىيەت مەھسۇلىنى زامانداشلارغا، ئۇلارنىڭ دىلىغا بېغىشلىماقتا. چۈنكى ئەدىپ ئوز كەسپىگە جىددىي جاۋاپكەرلىك تۇرغۇسىدىن ياندىشىپ، ھاياتىنى پۈتۈنلەي ئىجادىيەتكە بېغىشلىماقتا.

ھەر قانداق ئىجادىيەت ئەھلى ئۈچۈن ئۇنىڭ ماڭلاي تەرى ئەجرىگە پەيدا بولغان چوڭ – كىچىك ئىجادىيەت مەھسۇلىنىڭ زامانداشلار قەلبىدىن يول تېپىشى ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئوز ئەكسىنى تېپىشىدىن ئارتۇق بەخت بولمىسا كېرەك! ئويلايمەنكى، تالانتلىق شائىر س. مەمەتقۇلوۋنىڭ سوز بولۇۋاتقان ئەمگىكى ئەدەبىيات مۇخلىسلىرىنىڭ شائىرغا نىسبەتەن ھەقىقىي ئەنىسىدىكى «ئىشەنگەن تاغلىرى» سۈپىتىدە يېڭى 21 – ئەسىرنىڭ نادىر ئەمگەكلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغۇسى.

تۇغلۇقجان تالىپوۋ،
فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى، پروفېسسور.

نەشرىيات توھپىسى

«كوك بورىنىڭ كوز يېشى»

يېڭى ژىل ھارپىسىدا تونۇلغان شائىر ئالماسبېكنىڭ (مەتتىمىن ئوبۇلقاسىموۋ) «كوك بورىنىڭ كوز يېشى» ناملىق شېئىرلار، داستان ۋە رۇبائىيلار توپلىمى نەشىردىن چىقتى. شائىر توپلىمىنىڭ تەتۈل ۋارىغىدىن كېيىن:

ئوتمۇشتىن باشلىدىم مەن سوز بېشىنى،
(جاھىل ئەل يەيدۇ ھامان ئوز گوشىنى)،
ساڭا ئېيتماي، كىمگە ئېيتاي، ئاقىل ئوغلان،
كور، مەيلى، كوك بورەگىنىڭ كوز يېشىنى!

– دېگەن خىتاپ بىلەن كىتاپخانغا مۇراجەت قىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ھازىرقى شارائىتتا ئەدەبىيات ئارقىلىق ئوزىنىڭ بوياپ پەردازلانمىغان ھەقىقىي قىياپىتىنى كورۇشكە تەشنادۇر. ئۇلۇق رۇس شائىرى يېۋگېنىي يېۋتۇشېنكو: «خەلىق ئوزىنى بېلىش مەخسىتىدىلا ئوزىنىڭ شائىرلىرىنى يارىتىدۇ» دېگەن ئىدى. ئوزىنىڭ بىر نەچچە توپلاملىرى، ئىلمىي ماقالىلىرى ئارقىلىق كەڭ كىتاپخانلار نەزىرىگە چۈشكەن ئىستېداتلىق شائىر ئالماسبېك ۋەتەن قىسمىتى ۋە مىللەت تەغدىرىنى ئوز ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي ماۋزۇسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ قەھرىمانلىق سەھىپىلىرىگە تولۇپ تاشقان ۋە شۇنداقلا ئېچىنىشلىق، ئازاپلىق قىسمەتلەر بىلەن چىرماشقان ئۇزاق تارىخىي جەريانىنى بەدىي ۋاستىلەر ئارقىلىق يارىتىپ بېرىشكە ئىنتىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىپتىخارى، مۇتاپەككۇر ئالىم، يازغۇچى ۋە شائىر مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئوتكۈر بىر رۇبائىيسىدا:

ئەل ئۈچۈن يۈگۈرتسەڭ قەغەزدە قەلەم،
تاغلارنىڭ بېشىغا تىكەرسەن ئەلەم.
ۋە لېكىن سۇ قوشۇپ قويساڭ سىياغا،
ئىزلىرىڭ تېز ئوچۇپ، چېكەرسەن ئەلەم.

– دەپ يازغان ئىدى. ھە، ئالماسبېك ئا. ئوتكۈر تەكىتلىگەندەك، ئەل ئۈچۈن قەلەم تەۋرىتىپ، سىياغا سۇ قوشماي ئوز خەلقىنىڭ مەنىۋي تەشنالىغىنى قاندۇرۇشقا تىرىشىپ كېلىۋاتقان ئازغىنا شائىرلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر. ئۇ ئوزىنىڭ «ئەسنامە» دېگەن رۇبائىيسىدا:

تارىخىي ھەقىقەت – بىر ئۇچەس ئەلەم –
بىر چاغلار كىم تۇتقان تاجۇ تەخت، قەلەم؟!
بىلىپ قوي، ئەي ئوغلان، ئۇيغۇرنىڭ تۇغى،
تۈركىيدىن تورۇش شەرت توققۇز گەز بەلەن!

– دەپ تەكىتلەپ، ئوزىنىڭ سېھىرلىك تەنقىلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ تارىختىكى ئورنىنى ھازىرقى ئەۋلاتقا نامايەن قىلىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ شائىرنىڭ بۇ توپلىمىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى قەلب چەشمىسىنىڭ قانلىق تامچىلىرى ئىكەنلىگىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلىسىز.

يادىكار سابىتىي.

بۇش تېررورستلارنى ئۇلتىرىشنى بۇيرۇق قىلدى

يېقىندا مەلۇم بولۇشىغا قارىغاندا، ئا ق ش پرېزىدېنتى جورج بۇش ئامېرىكا رازۋېدكا خىزمەت ئورۇنلىرىغا تېررورلۇق تەشكىلاتلارنىڭ لىدېرلىرىنى پۈتكۈل دۇنيادا ئىزدەشنى ۋە ئەگەر ئۇلارنى قولغا ئېلىش جەريانىدا ئا ق ش مەخسۇس خىزمەت ئورۇنلىرى خادىملىرىنىڭ ھاياتى ئۈچۈن خوۋۇپ پەيدا بولغان تەغدىردە ئۇلارنى ئولتىرىشنى بۇيرۇق قىلغان.

ئامېرىكا قۇراللىق كۈچلىرىنىڭ ۋە رازۋېدكىسىنىڭ ژۇقۇرى دەرىجىلىك ۋەكىللىرى، ئامېرىكا مەخسۇس خىزمەت ئورۇنلىرىغا ئىزدەش ئىشلىرى تاپشۇرۇلغان شەخسلەر تىزىمىدا «ئەل كايېدا» تەشكىلاتىنىڭ ۋە باشقا تېررورلۇق تەشكىلاتلارنىڭ ژىگىرمىگە يېقىن لىدېرى بار.

مەركىزىي رازۋېدكا باشقارمىسى تىزىمغا كىرگەن ئالاھىدە خوۋۇپلۇق تېررورستلارنى پرېزىدېنت تەرىپىدىن ئالدىن – ئالا رۇخسەت ئالماي تۇرۇپ ھەر قانداق ۋاقىتتا ئولتىرىش ھوقۇقىغا ئېگە بولدى.

«نيۇ – يورك تايمس» گېزىتى مەركىزىي رازۋېدكا باشقارمىسىنىڭ خادىملىرى پرېزىدېنتنىڭ رۇخسىتىسىز تىزىمغا يېڭى ئىسىملارنى كىرگۈزۈش ھوقۇقىغا ئېگە، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردا مەزكۇر ئادەملەرنىڭ تېررورلۇق پائالىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىگىگە ئىشەنچلىك ئىسپاتلار بولۇشى كېرەك، – دەپ يازدى.

رازۋېدكا خىزمەت ئورۇنلىرى جىنايەتچىلەرنى سوراق قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى تۇتۇشقا ئىنتىلماقتا، ئەگەر ئۇلارنى تۇتۇش ئوپېراتسىيەسى مۇمكىن بولمىغان ياكى ناھايىتى خوۋۇپلۇق بولغان تەغدىردە، ئۇلار تېررورستلارنى ئولتىرىش ھوقۇقىغا ئېگە.

بۇنىڭدىن ژىگىرمە ئالتە ژىل ئىلگىرى پرېزىدېنت جېرالد فورد ئامېرىكا ھوكۈمىتىنىڭ ئاگېنتلىرىغا سىياسىي قاتىللىقلارنى قىلىشنى مەنئىي قىلغان ئىدى. پرېزىدېنت بۇش 2001 – ژىلى 11 – سېنتەبىردىن كېيىن مەركىزىي رازۋېدكا باشقارمىسىغا «ئەل كايېدا» لىدېرلىرىنى قاماققا ئېلىشنى ۋە يوقىتىشنى بۇيرۇق قىلدى، ئۇلار بۇ ۋاقىتتا ئاۋغانىستان تەۋەسىدە تۇراتتى.

كېيىنرەك بۇ بۇيرۇق كېڭەيتىلدى. ھازىر مەركىزىي رازۋېدكا باشقارمىسى تېررورستلارنى ھەر قانداق ۋاقىتتا يەر شارىنىڭ ھەر قانداق قىسمىدا ئولتىرىش ھوقۇقىغا ئېگە.

سېناتنىڭ خەلىق ئارا مۇناسىۋەتلەر بويىچە كومىتېتىنىڭ رەئىسى دېموكرات جوزېف بىدېننىڭ تەكىتلىشىچە، بۇشنىڭ باشقا ئامالى يوق ئىدى.

«تىزىمغا شۇنداق شەخسلەر كىرگەنكى، ئۇلار، پرېزىدېنتنىڭ ۋە ھوكۇمەتنىڭ پىكرىچە ناھايىتى خوۋۇپلۇق تېررورستلار بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، – دەپ كورسەتتى بىدېن. – پەرماندا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەگەر سىلەر ئۇلارنى قاماققا ئالالمىساڭلار، ئولتۈرۈڭلار.» بۇنى مەنئىي قىلىنغان قاتىللىقلار سىياسىتى دەپ ئاتاشقا بولمايدۇ. بۇ پەردە سوز ئورۇش توغرىلىق كېتىپ بارىدۇ. مەن بۇ پەردە ھېچ قانداق مۇئاممالارنى كورمەيمەن.

سېناتنىڭ قۇراللىق كۈچلەر بويىچە كومىسسىيەسىدىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر لىدېرى جون ئۇئورنېر سى – ئېن – ئېن ئاگېنتلىغىغا قىلغان بىلدۈرۈشىدە پرېزىدېنتنىڭ «تېررورستلارغا قارشى قاتتىق چارىلەرنى كورۇشكە بۇيرۇق قىلغانلىغىنى» قوللاپ – قۇۋۋەتلەيدىغانلىغىنى تەكىتلىگەن. «ئۇلار بىزگە زەربە بېرىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنى يوقىتىش كېرەك»، – دېگەن ئۇ.

دېموكراتلار پارتىيەسىدىن بولغان سېناتتىكى ۋەكىل كرىستوفېر دودد ھوكۇمەت «تايغاق يولغا چىقتى. بىز تېررورستلار توغرىلىق سوز قىلغۇاتىمىز ۋە پۈتكۈل مەملىكەت ئوز رازىلىغىنى بەرمەكتە. لېكىن بۇ جەرياننى قاتتىق نازارەت قىلىش كېرەك»، – دەپ ھېساپلايدۇ.

2001 – ژىلى ئوكتەبىردە كوپلىگەن كىشىلەر ئەدلىيەدىكى مۇئاممالار تېررورىزمغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا كاشىلا بولماقتا، دەپ تەكىتلىگەن ئىدى. ئاۋغانىستاندا بولغان ئۇرۇش ۋاقتىدا پرېداتور ماركىلىق سامولىوت تالىپلارنىڭ لىدېرى موللا ئومارغا زەربە بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئېگە ئىدى، لېكىن ئۇنىڭغا رۇخسەت ئەمەس ئىدى.

مۇداپىيە مىنىسترى رونالد رامسفېلد ھەربىي يۇرىستلار زەربە بېرىشكە كاشىلا بولغانلىغى توغرىلىق تەكىتلەشلەرگە تېرىككەن ھالدا جاۋاپ بېرىپ، ئاق ش قۇراللىق كۈچلىرى مۇنداق زەربە بېرىشكە ھوقۇقىنىڭ بار – يوقلىغى توغرىلىق مەسىلىنى ناھايىتى ئۇزاق مۇھاكىمە قىلغانلىغىنى ئېيتقان.

2002 – ژىلى نويابىردا ۋەزىيەتنىڭ ئوزگەرگەنلىگى ئېنىق بولدى. مەركىزىي رازۋېدكا باشقارمىسىنىڭ ئۇچقۇچىسىز سامولىوتى يەمەن تەۋەسىدە تانكىغا قارشى راكېتا «ئەل كايېدانىڭ» لىدېرلىرىنىڭ بىرى قائىد سالىم سىنان ئەل – خارىتىنى ئولتەردى.

ئامېرىكىنىڭ «كونتول» كېمىسىنىڭ بورتىدا پارتلاش ئۇيۇشتۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەل – خارىتى ئاۋغانىستاننىڭ سىرتىدا ئولتىرىلگەن «ئەل كائىدىنىڭ» دەسلەپكى لىدېرى بولدى. ئۇنىڭ ئىسمى بۇش تەرىپىدىن ئىمزالانغان «يامانلارنىڭ ئەڭ يامانلىرى» تىزىمغا كىرگۈزۈلگەن.

پرېزىدېنت فورد 1976 – ژىلى مۇنداق قاتىللىقلارنى مەنئىي قىلغان ئىدى. رازۋېدكا بويىچە سېنات كومىتېتى مەركىزىي رازۋېدكا باشقارمىسى فىدېل كاستروننى ۋە باشقا چەت ئەل لىدېرلىرىنى ئولتىرىشنى پىلانلىغانلىغىنى خەۋەر قىلغاندىن كېيىن تېگىشلىك پەرمان ئىمزالانغان ئىدى.

پەرمان كۈچىدە قالدۇرۇلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن جورج بۇش مەخسۇس خىزمەت ئورۇنلىرىغا «ئەل – كايېدا» ئەزالىرىنى ئولتىرىشكە رۇخسەت بەردى ۋە ئۇلارنى دۈشمەن قۇراللىق كۈچلىرىنىڭ جەڭچىلىرى دەپ ئاتىدى. ئۇرۇش ھەرىكەتلىرى ئەجەللىك قۇراللارنى قانۇنىي قوللىنىشقا ھوقۇق بېرىدۇ.

ھوكۇمەت يۇرىستلىرىنىڭ قارارى تېررورىزمغا قارشى ھەرىكەت ئۈچۈن ئەدلىيەۋىي ئاساس بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ تەكىتلىشىچە، قاتىللىقلار «پائالىيىتى ئاق ش بېخەتەرلىگىگە خوۋۇپ تۇغدۇرىدىغان باشقا دولەتلەرنىڭ دۈشمەن كۈچلىرىگە، پارتىزانلىرىغا ۋە تېررورلۇق تەشكىلاتلارغا قارشى كورۇشىش» ۋاقتىدا ھەقلىقتۇر.

ئىلگىرى ئامېرىكا بىلەن ياۋروپا ئىسرائىلنىڭ م ئو س س ئا د مەخسۇس خىزمەت ئورنى ئوخشاش ئارماقلار تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان بۇ خىلدىكى قاتىللىقلارنى تەنقىتلىگەن ئىدى.

ئا ق ش قۇراللىق كۈچلىرىمۇ بېن لادېننىڭ ياردەمچىلىرىنى تۇتۇشقا ئىشتىراك قىلىشقا جەلىپ قىلىندى. يېقىندا «نيۇ – يوركېر» ژۇرنىلى رامسفېلدنىڭ مەخپىي يول – يورۇغى توغرىلىق خەۋەر قىلدى. ئۇنىڭدا مۇداپىيە مىنىسترى ھەربىي ھاۋا كۈچلىرىنىڭ كېنېرالى چارلىز فوللاندقا «تېررورلۇق تەشكىلاتلارنىڭ ئەزالىرىنى ئىزدەش پىلانىنى ئىشلەپ چىقىشنى» تاپشۇرغان. يول – يورۇقتا «تېررورستلارنى سوراق قىلىش ئۈچۈن تۇتۇش ۋە زورۇرىيەت تۇغۇلغاندا ئۇلارنى ئولتىرىش ۋەزىپىسى» بەلگۈلەنگەن.

بۇش مەمۇرىيىتىنىڭ ئەڭ ئورۇشپەرەس ئەزاسى رامسفېلدنىڭ پىكرىچە، مەركىزىي رازۋېدكا باشقارمىسى ناھايىتى ئېھتىياتچان ۋە ملجىك ھەرىكەت قىلماقتا.

ئۇلۇق برىتانىيە تاشقى ئىشلار مىنىسترلىگى: «بىز باشقا دولەتلەرنىڭ قارارلىغا ئىزاھ بەرمەيمىز. برىتانىيە ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى تەرىپىدىن قىلىنىدىغان ھەر قانداق ھەرىكەت، قانۇن نورمىلىرىغا ماس كېلىشى لازىم»، – دەپ بىلدۈرگەن.

دېۋىد دېندى،
«دېيلى تېلېگراف».

ئالمۇتا شەھرىدىكى ئايالار مەشرەپ ئەھلى شكولىنىڭ مىكرورايونىدا تۇرۇشلۇق يۇرت موتىۋەرى باتۇر تۇرسۇنغا ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەپىقىسى، بىزنىڭ جان دوستىمىز

مەريەمنىڭ

مەزگىلسىز ۋاپات بولغانلىغى مۇناسىۋىتى بىلەن چوڭقۇر قايغۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرىمىز.

ئالمۇتا شەھرى درۇژبا مەھەللىسىنىڭ يۇرت – جامائىتى پېداگوگ، بەستىكار كومپوزىتور سېلىماخۇن زەينالوۋقا ئەۋرىسى

دانىيارنىڭ

مەزگىلسىز ۋاپات بولغانلىغى مۇناسىۋىتى بىلەن چوڭقۇر قايغۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

يېڭى ھايات
باش مۇھەررىر ي. ئازاماتوۋ.
ئالمۇتا، 480044 ئىپەك يولى كوچىسى 50 بىنا، 8 – قەۋەت، 813 – خانە
گېزىتنى تەسىس قىلغۇچى – جاۋاپكەرلىگى چەكلەنگەن «ۋىسال» شىركىتى.
تىراژى 1500 زاكاز 9698
تېلېفون: 73 – 84 – 59
«Йени хаят» (Новая жизнь) индекс 65359, республиканская общественно-политическая газета, регистрационное свидетельство №603 -- Г. Выдано Министерством культуры, информации и общественного согласия Республики Казахстан 17 марта 1999 г.
گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدە بېسىلغان ماقالىلار مۇئەللىپلىرىنىڭ مەۋقەسى تەھرىراتىمىزنىڭ مەۋقەسى بولۇپ ھېساپلانمايدۇ. تەھرىراتتىن ماتېرىياللار قايتۇرۇلمايدۇ ۋە جاۋاپ بېرىلمەيدۇ.
Отпечатано в ЗАО «Дәуір».
480044, г. Алматы. ул. Жибек жолы, 50.
M 1 2 3 4 5 6 7 8 9 10 П 1 2 3 4 5 6 7 8 9 10